مۇقەددەس كىتاب

# ئىنجىل

# مەتتا

# ئىنجىل مەتتا

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 1-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# ئىنجىل مەتتا

## ئەيسا مەسىھنىڭ نەسەبنامىسى

1 [1] ئەيسا مەسىھ ئىبن-داۋۇد ئىبن-ئىبراھىمنىڭ نەسەبنامە كىتابى.
[2] ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى، ئىسھاقتىن ياقۇب تۆرەلدى، ياقۇبتىن يەھۇدا بىلەن
بۇرادەرلىرى تۆرەلدى. [3] تامارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەھۇدادىن پەرەز بىلەن زىراھ تۆرەلدى،
پەرەزدىن ھەزرون تۆرەلدى، ھەزروندىن رام تۆرەلدى. [4] رامدىن ئامىناداب تۆرەلدى، ئامىنادابتىن
ناھشۇن تۆرەلدى، ناھشۇندىن سالمون تۆرەلدى. [5] راھابنىڭ ۋاستىسى بىلەن سالموندىن
بوئاز تۆرەلدى، رۇتنىڭ ۋاستىسى بىلەن بوئازدىن ئوبەد تۆرەلدى، ئوبەدتىن يىشاي تۆرەلدى.
[6] يىشايدىن داۋۇد پادىشاھ تۆرەلدى، ئۇرىيانىڭكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن داۋۇدتىن سۇلايمان
تۆرەلدى.
[7] سۇلايماندىن رىھابىئام تۆرەلدى، رىھابىئامدىن ئابىيا تۆرەلدى، ئابىيادىن ئاسا تۆرەلدى.
[8] ئاسادىن يەھوشافات تۆرەلدى، يەھوشافاتتىن يورام تۆرەلدى، يورامدىن ئۇززىيا تۆرەلدى.
[9] ئۇززىيادىن يوتام تۆرەلدى، يوتامدىن ئاھاز تۆرەلدى، ئاھازتىن خىزقىيا تۆرەلدى.
[10] خىزقىيادىن ماناسسە تۆرەلدى، ماناسسەدىن ئامون تۆرەلدى، ئاموندىن يوشىيا تۆرەلدى.
[11] بابىلغا ئەسىرلىككە ئېلىنغان ۋاقىتتا يوشىيادىن يەكونىيا بىلەن بۇرادەرلىرى تۆرەلدى.
[12] بابىلدىكى ئەسىرلىكتىن كېيىن يەكونىيادىن شائالتىيەل تۆرەلدى، شائالتىيەلدىن زەرۇبابەل
تۆرەلدى. [13] زەرۇبابەلدىن ئابىھۇد تۆرەلدى، ئابىھۇدتىن ئېلىياقىم تۆرەلدى، ئېلىياقىمدىن ئازور
تۆرەلدى. [14] ئازوردىن سادوق تۆرەلدى، سادوقتىن ئاخىم تۆرەلدى، ئاخىمدىن ئېلىھۇد تۆرەلدى.
[15] ئېلىھۇدتىن ئېلىئازار تۆرەلدى، ئېلىئازاردىن ماتان تۆرەلدى، ماتاندىن ياقۇب تۆرەلدى.
[16] ياقۇبتىن مەريەمنىڭ ئېرى يۇسۇپ تۆرەلدى، مەريەمدىن مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسا تۆرەلدى.

[17] نەسىللەرنىڭ ھەممىسى ئىبراھىمدىن داۋۇدقىچە ئون تۆت نەسىل، داۋۇدتىن بابىلغا
ئەسىرلىككە ئېلىنىشقىچە ئون تۆت نەسىل ۋە بابىلغا ئەسىرلىككە ئېلىنغاندىن كېيىن
ئون تۆت نەسىلدۇر.

## ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى

[18] ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشى شۇنداق بولدى: ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم يۇسۇپكە ياتلىق بولۇشقا
ۋەدە قىلىنىپ، ئۇلار بىر يەردە بولماستا مۇقەددەس روھتىن ھامىلدار بولغىنى مەلۇم بولدى.
[19] ئۇنىڭ ئېرى يۇسۇپ دۇرۇس ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا بەدنام چاپلاشنى خالىماي، پىنھان قويۇپ
بەرمەكچى بولدى. [20] لېكىن بۇ خىيالنى قىلغاندا مانا خۇداۋەندىنىڭ بىر پەرىشتىسى ئۇنىڭغا

چۈشىدە كۆرۈنۈپ ئېيتتى: «ئەي يۈسۈپ ئىبن-داۋۇد، خوتۇنۇڭ مەريەمنى ئۆز ئەمرىڭگە ئالغىلى قورقمىغىن، چۈنكى ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغىنى مۇقەددەس روھتىندۇر.
21 ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ ئاتايسەن، چۈنكى ئۇ ئۆز قوۋمىنى گۇناھلىرىدىن قۇتقۇزىدۇ».
22 بۇنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندە پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن:

23 «مانا پاك قىز ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىدۇ
ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىممانۇئەل، يەنى ‹ خۇدا بىز بىلەن بىللىدۇر›
دەپ ئاتايدۇ»

دېگىنى بەجا كەلتۈرۈلمەك ئۈچۈن بولدى.
24 يۈسۈپ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالدى.
25 لېكىن بىر ئوغۇل تۇغقۇچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا دەپ ئاتىدى.

## دانىشمەنلەرنىڭ زىيارىتى

2 1 ئەيسا ھىرودەس پادىشاھنىڭ كۈنلىرىدە يەھۇدىيەدىكى بەيتلەھەمدە تۇغۇلغاندا، مانا شەرقتىن دانىشمەنلەر كېلىپ،
2 ئېيتتىكى: «يەھۇدىيلارنىڭ تۇغۇلغان پادىشاھى قەيەردىدۇر؟ چۈنكى ئۇنىڭ يۇلتۇزىنى شەرقتە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلغىلى كەلدۇق».
3 ئەمما ھىرودەس پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزى ۋە بارچە يېرۇسالىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھودۇقۇپ قالدى.
4 ھەممە باش كاھىنلار بىلەن قوۋمنىڭ كاتىپلىرىنى جەم قىلىپ: «مەسىھ قەيەردە تۇغۇلىدۇ؟» دەپ ئۇلاردىن سورىدى.
5 ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «يەھۇدىيەدىكى بەيتلەھەمدە تۇغۇلىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇنداق پۈتۈلگەنكى:

6 ‹ سەن ئەي يەھۇدا ۋىلايىتىدىكى بەيتلەھەم،
يەھۇدا ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئەسلا كىچىك ئەمەسسەن،
چۈنكى قوۋمىم ئىسرائىلنى باقىدىغان ئەمىر سەندىن چىقىدۇ›.

7 ئۇ ۋاقىت ھىرودەس دانىشمەنلەرنى پىنھان قىچقىرىپ، يۇلتۇز كۆرۈنگەن ۋاقىتنى ئۇلاردىن تەھقىقلەپ سورىدى.
8 ئاندىن ئۇلارنى بەيتلەھەمگە ئەۋەتىپ، ئېيتتى: «بېرىپ، بالىنى دىققەت بىلەن ئىزدەپ تېپىپ، ماڭا خەۋەر بېرىڭلار. مەن ھەم بېرىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلاي».
9 ئۇلار پادىشاھتىن بۇنى ئاڭلاپ، چىقىپ كەتتى. ۋە مانا، ئۇلار شەرقتە كۆرگەن يۇلتۇز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بېرىپ، بالا بار يەرنىڭ ئۈستىگىچە كېلىپ توختىدى.
10 ئۇلار يۇلتۇزنى كۆرگەندە

ناھايىتى چوڭ شادلىق بىلەن خۇشال بولدى. 11 ئۆيگە كىرىپ، بالىنى ئانىسى مەريەم بىلەن
بىللە كۆرۈپ، ئېڭىشىپ بالىغا سەجدە قىلىپ، خەزىنىلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ھەدىيەلەر، يەنى
ئالتۇن بىلەن مەستىكى ۋە مۇرمەككى كەلتۈردى. 12 ھىرودەسنىڭ ئالدىغا يېنىپ بارمىسۇن
دەپ، چۈشىدە ئىلھام تاپقاندىن كېيىن باشقا يول بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتتى.

## مىسىرغا قېچىش

13 ئەمما ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، مانا، خۇداۋەندىنىڭ بىر پەرىشتىسى يۈسۈپكە چۈشىدە
كۆرۈنۈپ ئېيتتى: «قوپۇپ، بالا بىلەن ئانىسىنى ئېلىپ مىسىرغا قاچقىن. مەن ساڭا ئېيتقۇچە
ئاندا تۇرغىن، چۈنكى ھىرودەس بالىنى ئىزداپ يوقاتماقچى». 14 ئۇ قوپۇپ، كېچىدە بالا
بىلەن ئانىسىنى ئېلىپ، مىسىرغا باردى. 15 ھىرودەس ئۆلگۈچە ئاندا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن:
«ئوغلۇمنى مىسىردىن قىچقاردىم» دەپ خۇداۋەندە پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقىنى
بەجا كەلتۈرۈلدى.

## ھىرودەسنىڭ ئوغۇل بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈشى

16 ھىرودەس بولسا دانىشمەنلەردىن گوللانغىنىنى كۆرگەندە تولا ئاچچىقلاندى. ئۇ ئادەملەرنى
ئەۋەتىپ، بەيتلەھەم بىلەن بارچە ئەتراپىدىكى دانىشمەنلەردىن تەھقىقلەپ سورىغان ۋاقتىغا
قاراپ ھەممە ئىككى ياشلىق ۋە ئاندىن تۆۋەن ئوغۇل باللارنى ئۆلتۈرگۈزدى. 17 ئۇ ۋاقىت
يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتىلغان سۆز بەجا كەلتۈرۈلدى، يەنى:

18 «رامادا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، يىغا ۋە تولا پىغان.
راھىلە ئۆز باللىرى ئۈچۈن يىغلاپ تەسەللى تاپقىلى ئۇنىمىدى، چۈنكى ئۇلار قالمىدى».

## مىسىردىن قايتىپ كېلىش

19 ھىرودەس ئۆلگەندىن كېيىن، مانا، خۇداۋەندىنىڭ بىر پەرىشتىسى مىسىردا يۈسۈپكە
چۈشىدە كۆرۈنۈپ، 20 ئېيتتى: «قوپۇپ، بالا بىلەن ئانىسىنى ئېلىپ ئىسرائىل يۇرتىغا بارغىن،
چۈنكى بالىنىڭ جېنىغا قەست قىلغۇچىلار ئۆلدى». 21 ئۇ قوپۇپ، بالىنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى
ئېلىپ ئىسرائىل يۇرتىغا باردى. 22 لېكىن ئارخېلائۇسنىڭ ئۆز ئاتىسى ھىرودەسنىڭ ئورنىدا
سەلتەنەت قىلىپ تۇرغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە بارغىلى قورقتى. چۈشىدە ئىلھام تاپقاندىن
كېيىن گالىلىيە تەرەپلىرىگە چىقتى. 23 ئۇ يەرگە بېرىپ، نازارەت دېگەن شەھەردە ماكانلاشتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن: «ئۇ نازارەتلىك دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ ئېيتىلغان
سۆز بەجا كەلتۈرۈلدى.

## چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننانىڭ ۋەز ئېيتىشى

3 1 ئۇ كۈنلەردە چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننا كېلىپ، يەھۇدىيەنىڭ باياۋاندا ۋەز ئېيتىپ: 2 «تowۋا
قىلىڭلار، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى»
دەپ ئېيتتى. 3 چۈنكى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن:

«باياۋاندا، خۇداۋەندىنىڭ يولىنى راستلاپ، چىغىر يوللىرىنى تۈز قىلىڭلار،
دېگەن قىچقارغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ»

دەپ ئۇنىڭ توغرىسىدىن ئېيتىلغان كىشى شۇدۇر.
4 يۇھاننانىڭ كىيىمى تۆگە يۇڭىدىن ئىدى ۋە بېلىدىكى كەمەر كۆندىن ئىدى ۋە غىزاسى
چېكەتكە بىلەن باياۋان ھەسىلى ئىدى. 5 ئۇ ۋاقىت يېرۇسالېم ۋە بارچە يەھۇدىيە بىلەن
ئىئوردانىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە يۇرتلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، 6 گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ،
ئىئوردان‌دا ئۇنىڭدىن چۆمۈلدۈرۈلۈشنى قوبۇل قىلىشتى.
7 لېكىن تولا پەرىسىيلەرنىڭ ۋە سادۇقىيلارنىڭ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغىلى كەلگىنىنى
كۆرگەندە ئۇلارغا ئېيتتى: «ئەي يىلانزادىلىرى، كېلىدىغان غەزەپتىن قېچىشنى سىلەرگە كىم
ئۆگەتتى؟ 8 ئەمدى توۋاغا لايىق مېۋە كەلتۈرۈڭلار. 9 ئۆز ئىچىڭلاردا: ‹ بىزنىڭ ئىبراھىم
ئاتىمىز باردۇر› دەپ ئويلىماڭلار، چۈنكى سىلەرگە ئېيتىمەنكى، خۇدا بۇ تاشلاردىن ئىبراھىمغا
باللار قوپۇرغىلى قادىردۇر. 10 ئەمدى پالتا دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا قويۇلغان. ياخشى مېۋە
كەلتۈرمىگەن ھەر دەرەخ كېسىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. 11 مەن سىلەرنى توۋا ئۈچۈن سۇدا
چۆمۈلدۈرىمەن، لېكىن مەندىن كېيىن كەلگۈچى مەندىن قۇۋۋەتلىكتۇر. ئۇنىڭ ئايىغىنى
كۆتۈرگىلى لايىق ئەمەسمەن. ئۇ سىلەرنى مۇقەددەس روھقا ۋە ئوتقا چۆمۈلدۈرىدۇ. 12 كۈرەك
ئۇنىڭ قولىدىدۇر ۋە ئۆز خامىنىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سورۇپ، بۇغدىيىنى ساڭغا يىغىپ
سامان ئۇچقۇنىنى ئۆچمەيدىغان ئوتتا كۆيدۈرىدۇ».

## ئەيسا مەسىھنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشى

13 ئۇ ۋاقىت ئەيسا گالىلىيەدىن ئىئوردانغا يۇھاننانىڭ ئالدىغا ئۇنىڭدىن چۆمۈلدۈرۈشنى
قوبۇل قىلغىلى كەلدى. 14 لېكىن يۇھاننا ئۇنى توسۇپ ئېيتتى: «مەن سەندىن چۆمۈلدۈرۈشنى

قوبۇل قىلغىلى موھتاجدۇرمەن ۋە سەن ماڭا كېلەمسەن؟»
[15] ئەمما ئەيسا ئۇنىڭغا: «ئەمدى قويغىن، چۈنكى بارچە ئادالەتنى شۇنداق بەجا كەلتۈرمەك
بىزگە كېرەكتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. [16] ئەيسا
چۆمۈلدۈرۈلگەندىن كېيىن دەرھال سۇدىن چىقتى ۋە مانا ئاسمانلار ئېچىلدى ۋە خۇدانىڭ
روھىنىڭ كەپتەردەك نازىل بولۇپ ئۈستىگە كەلگىنىنى كۆردى. [17] ۋە مانا ئاسمانلاردىن:
«ئۇنىڭ بىلەن خۇش-رىزايىم بار، ئامراق ئوغلۇم بۇدۇر» دەپ بىر ئاۋاز چىقتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ باياۋاندا سىنىلىشى

4 [1] ئاندىن كېيىن ئەيسا ئىبلىستىن سىنالماق ئۈچۈن روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن باياۋانغا
چىقىرىلدى. [2] ئۇ قىرىق كۈن بىلەن قىرىق كېچە روزا تۇتقاندىن كېيىن ئاچ قالدى.
[3] سىنىغۇچى چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەگەر ئىبن ئاللا بولساڭ، ‹ بۇ تاشلار نان بولسۇن›
دەپ ئېيتقىن». [4] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «پۈتۈلگەنكى: ‹ ئىنسان بولسا يالغۇز نان
بىلەن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر سۆز بىلەن ياشايدۇ›».
[5] ئاندىن ئىبلىس ئۇنى مۇقەددەس شەھەرگە كەلتۈرۈپ، بەيت-مۇقەددەسنىڭ پەشتىقىدا
تۇرغۇزۇپ، [6] ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئىبن ئاللا بولساڭ، ئۆزۈڭنى تۆۋەنگە تاشلىغىن، چۈنكى
پۈتۈلگەنكى: ‹ ئۆز پەرىشتىلىرىگە سەن توغرۇلۇق ئەمر قىلىدۇ ۋە پۇتۇڭ تاشقا تەگمىسۇن
دەپ، قوللىرىنىڭ ئۈستىدە سېنى كۆتۈرىدۇ›». [7] ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ھەم پۈتۈلگەنكى: ‹
رەب خۇدايىڭنى سىنىمىغىن›».
[8] ئاندىن ئىبلىس ئۇنى تولا ئېگىز بىر تاغقا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەممە مەملىكەتلىرىنى
ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىپ، [9] ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەگەر چۈشۈپ ماڭا سەجدە
قىلساڭ، بۇنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن». [10] ئۇ ۋاقىت ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كەت، ئەي
ئىبلىس، چۈنكى پۈتۈلگەنكى: ‹ رەب خۇدايىڭغا سەجدە قىلغايسەن ۋە خاس ئۇنىڭغا ئىبادەت
قىلغايسەن›».
[11] ئۇ ۋاقىت ئىبلىس ئۇنى قويۇپ كەتتى. ۋە مانا پەرىشتىلەر چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا خىزمەت
قىلدى.

## ئەيسا مەسىھ ۋەز ئېيتىشنى باشلايدۇ

[12] ئەيسا يۇھاننانىڭ زىندانغا سېلىنغىنىنى ئاڭلىغاندا گالىلىيەگە باردى. [13] نازارەتنى قويۇپ،
زەبۇلۇن بىلەن نافتالى يۇرتىدا دېڭىزنىڭ يېنىدىكى كاپەرناھۇمغا بېرىپ، ئاندا ماكانلاشتى.
[14] بۇنىڭ بىلەن يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتىلغان سۆز بەجا كەلتۈرۈلدى، يەنى

15 «زەبۇلۇن بىلەن نافتالى يۇرتى، دېڭىز تەرىپى،
ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپى، تائىپىلەرنىڭ گالىلىيەسى،

16 قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرغان خەلق چوڭ بىر نۇر كۆردى
ۋە ئۆلۈم يۇرتى بىلەن سايىسىدا ئولتۇرغانلارغا بىر نۇر چىقتى».

17 ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئەيسا: «توۋا قىلىڭلار، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى»
دەپ ۋەز ئېيتقىلى تۇردى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ دەسلەپكى شاگىرتلىرىنى قىچقىرىشى

18 ئۇ گالىلىيە دېڭىزىنىڭ يېنىدا مېڭىپ يۈرگىنىدە ئىككى بۇرادەر، يەنى پېترۇس دەپ ئاتالغان
سىمون بىلەن بۇرادىرى ئاندرېياسنىڭ دېڭىزغا تور سالغىنىنى كۆردى، چۈنكى ئۇلار بېلىقچى
ئىدى. 19 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ماڭا ئەگىشىڭلار ۋە سىلەرنى ئادەم تۇتىدىغان قىلىمەن».
20 ئۇلار دەرھال تورلارنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
21 ئاندىن ئۇ شۇ يەردىن ئۆتۈپ، باشقا ئىككى بۇرادەرنى، يەنى زەبەدىينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە بۇرادىرى
يۇھاننا ئاتىسى زەبەدىي بىلەن بىللە كېمىدە ئولتۇرۇپ تورلىرىنى ئوڭلىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى
قىچقاردى. 22 ئۇلار دەرھال كېمىنى ۋە ئاتىسىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ۋەز ئېيتىشى ۋە شىپا بېرىشى

23 ئۇ بارچە گالىلىيەدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىناگوگلىرىدا تەلىم بېرىپ، پادىشاھلىقنىڭ خۇش
خەۋىرىنى ۋەز ئېيتىپ، خەلقتىكى ھەر كېسەللىك ۋە ھەر زەئىپلىكنى ساقايتتى. 24 ئۇنىڭ
شۆھرىتى بارچە سۇرىيەگە يېيىلدى. ئۇلار ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ۋە دەردلەرگە مۇپتىلا
بولغان ھەممە ئاغرىق تارتقانلارنى ۋە جىن چاپلاشقانلار بىلەن تۇتقاقلىقلار ۋە پالەچلەرنى ئۇنىڭ
ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. 25 گالىلىيە بىلەن دېكاپولىستىن ۋە يېرۇسالىم
بىلەن يەھۇدىيەدىن ۋە ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن تولا خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## تاغدىكى تەلىم - كىملەر مۇبارەك

5 1 خەلقنى كۆرۈپ، ئۇ بىر تاغقا چىقتى ۋە ئولتۇرغاندا شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
2 ئاغزىنى ئېچىپ ئۇلارغا تەلىم بېرىپ ئېيتتى:
3 «مۇبارەك روھتا پېقىرلار، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭكىدۇر.

4 مۇبارەك غەمكىنلەر، چۈنكى ئۇلار تەسەللى تاپىدۇ.
5 مۇبارەك ياۋاشلار، چۈنكى ئۇلار يەرنى مىراس ئالىدۇ.
6 مۇبارەك ئادالەتكە ئاچ ۋە تەشنالار، چۈنكى ئۇلار تويىدۇ.
7 مۇبارەك رەھىمدىللەر، چۈنكى ئۇلارغا رەھىم كۆرسىتىلىدۇ.
8 مۇبارەك پاك كۆڭۈللۈكلەر، چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ.
9 مۇبارەك تىنچلىق ئورناتقۇچىلار، چۈنكى ئۇلار خۇدانىڭ باللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.
10 مۇبارەك ئادالەت ئۈچۈن قوغلانغانلار، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭكىدۇر.
11 مۇبارەك سىلەر، قاچانكى سىلەرنى دەشنەم قىلىپ قوغلاپ، مەن ئۈچۈن ھەر خىل يامانلىقنى
يالغاندىن ئۈستۈڭلاردىن ئېيتسا.
12 خۇشال بولۇپ شادلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئىنئامىڭلار ئاسمانلاردا تولا بولىدۇ. مانا ئۇلار
سىلەردىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى شۇنداق قوغلىدى.

## دۇنيانىڭ تۇزى ۋە نۇرى

13 سىلەر يەرنىڭ تۇزىدۇرسىلەر لېكىن تۇز ئۆز تېتىقىنى يىتتۈرسە، نېمە بىلەن تۇزلىنىدۇ؟
تاشقىرى تاشلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىدا بېسىلماقتىن باشقا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ.
14 سىلەر دۇنيانىڭ نۇرىدۇرسىلەر. تاغ ئۈستىدىكى شەھەر يوشۇرۇنالمايدۇ. 15 چىراغ يېقىلىپ،
قاچا ئاستىغا قويۇلمايدۇ، بەلكى چىراغدان ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە
يورۇقلۇق بېرىدۇ. 16 شۇنداق نۇرۇڭلار ئادەملەرنىڭ ئالدىدا يورۇقلۇق بەرسۇنكى، ياخشى
ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ، ئاسمانلاردىكى ئاتاڭلارغا ھەمد ئېيتقايلار.

## تەۋرات قانۇنى توغرىسىدا

17 مېنى ‹ تەۋراتنى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىناۋەتسىز قىلغىلى كەلدى› دەپ
گۇمان قىلماڭلار. ئىناۋەتسىز قىلغىلى كەلگەن ئەمەسمەن، بەلكى كامىل قىلغىلى كەلدىم.
18 بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئاسمان بىلەن يەر يوقالمىغۇچە ھەممىسى بەجا كەلتۈرۈلمەستە
تەۋراتتىن بىر ھەرپ ياكى بىر نۇقتا يوقالمايدۇ. 19 ئۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئۇشبۇ ھەممىدىن
كىچىك ئەمرلەرنىڭ بىرىنى بۇزۇپ، ئادەملەرگە شۇنداق ئۆگەتسە، ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدا
ھەممىدىن كىچىك سانىلىدۇ. لېكىن كىمكى بۇلارنى بەجا كەلتۈرۈپ ئۆگەتسە، ئۇ ئۆزى
ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدا ئۇلۇغ سانىلىدۇ. 20 چۈنكى سىلەرگە ئېيتىمەن: ئادالىتىڭلار
كاتىپلار بىلەن پەرىسىيلەرنىڭكىدىن ئاشمىسا، ھەرگىز ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا
كىرمەيسىلەر.

## خاپا بولۇش توغرىسىدا

[21] ‹ ئۆلتۈرمىگىن ۋە ھەركىم ئۆلتۈرسە، ھۆكۈمگە لايىق بولىدۇ› دەپ بۇرۇنقىلارغا
ئېيتىلغاننى ئاڭلىغانسىلەر. [22] لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەن: ھەركىم بىكاردىن-بىكار
بۇرادىرىگە ئاچچىقلانسا، ھۆكۈمگە لايىق بولىدۇ ۋە كىمكى بۇرادىرىگە ‹ دۆت-كالۋا› دېسە،
ئالىي كېڭەشنىڭ ھۆكۈمىگە لايىق بولىدۇ ۋە كىمكى ‹ ئەي ئەخمەق› دېسە، دوزاخنىڭ
ئوتىغا لايىق بولىدۇ. [23] ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىقىڭنى قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرسەڭ
ۋە ئاندا ‹ بۇرادىرىمنىڭ مەندىن خاپىلىقى بار› دەپ يادىڭغا كەلسە، [24] ئاندا قۇربانلىقىڭنى
قۇربانگاھنىڭ ئالدىدا قويۇپ، ئاۋۋال بېرىپ بۇرادىرىڭ بىلەن يارىشىپ، ئاندىن كېيىن كېلىپ
قۇربانلىقىڭنى ئۆتكۈزگىن. [25] دەۋاگەرىڭ بىلەن تېخى يولدا كېتىپ بارغىنىڭدا ئۇنىڭ بىلەن
رازىلاشقىلى ئالدىرىغىن. بولمىسا دەۋاگەرىڭ سېنى ھاكىمغا ۋە ھاكىم سېنى ئەمەلدارغا
تاپشۇرىدۇ ۋە زىندانغا سېلىنىسەن. [26] بەرھەق، ساڭا ئېيتىمەنكى، ئاخىرقى پۇلنى تۆلەپ
بەرمىگۈچە ھەرگىز شۇ يەردىن چىقمايسەن.

## زىنا توغرىسىدا

[27] ‹ زىنا قىلمىغىن› دەپ ئېيتىلغاننى ئاڭلىغانسىلەر. [28] لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەن:
ھەركىم بىر خوتۇنغا شەھۋەت كۆزى بىلەن قارىسا، ئۆز كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان
بولىدۇ. [29] ئەگەر ئوڭ كۆزۈڭ سېنى ئازدۇرسا، ئۇنى ئويۇپ ئۆزۈڭدىن تاشلىغىن، چۈنكى بارچە
بەدىنىڭ دوزاخقا سېلىنىشىدىن ئەزالىرىڭدىن بىرىنىڭ يوقىلىشى ساڭا پايدىلىقتۇر. [30] ئوڭ
قولۇڭ سېنى ئازدۇرسا، ئۇنى كېسىپ ئۆزۈڭدىن تاشلىغىن، چۈنكى بارچە بەدىنىڭ دوزاخقا
سېلىنمىقىدىن ئەزالىرىڭدىن بىرىنىڭ يوقالمىقى ساڭا پايدىلىقتۇر.

## تالاق قىلىش توغرىسىدا

[31] ‹ ئۆز خوتۇنىنى تالاق قىلغان كىشى ئۇنىڭغا تالاق خېتى بەرسۇن› دەپ ھەم ئېيتىلغان.
[32] لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەن: ھەركىم زىنادىن باشقا سەۋەب بىلەن ئۆز خوتۇنىنى تالاق
قىلسا، ئۇنىڭغا زىنا قىلدۇرىدۇ ۋە تالاق قىلىنغاننى ئالغان كىشى زىنا قىلىدۇ.

## قەسەم قىلىش توغرىسىدا

[33] ‹ يالغان قەسەم قىلمىغىن، ئەمما قەسەملىرىڭنى خۇداۋەندىگە ۋاپا قىلغىن› دەپ بۇرۇنقىلارغا
ئېيتىلغاننى ھەم ئاڭلىغانسىلەر. [34] لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەن: ئەسلا قەسەم قىلماڭلار،
نە ئاسماننىڭ ئۈستىدە، چۈنكى خۇدانىڭ تەختىدۇر، [35] نە يەرنىڭ ئۈستىدە، چۈنكى ئۇنىڭ

يۇت قويىدىغان قەدەمگاھىدۇر، نە يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىدە، چۈنكى ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ
شەھىرىدۇر، [36] نە بېشىڭنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلمىغىن، چۈنكى بىر تال چاچنى ئاق ياكى
قارا قىلالمايسەن. [37] بەلكى ‹ ھەئە› دېگەن سۆزۈڭ ‹ ھەئە›، ‹ ياق› دېگەن سۆزۈڭ ‹ ياق›
بولسۇن، بۇنىڭدىن ئوشۇقى ياماندىن بولغۇچىدىن كېلىدۇ.

## ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا

[38] ‹ كۆز ئورنىغا كۆز ۋە چىش ئورنىغا چىش› دەپ ئېيتىلغاننى ئاڭلىغانسىلەر. [39] لېكىن مەن
سىلەرگە ئېيتىمەن: يامانغا قارشى تۇرماڭلار، بەلكى ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرغانغا يەنە بىرىنى ھەم
ئۆرۈگىن. [40] سەن بىلەن دەۋا قىلىپ، كۆينىكىڭنى تارتىۋالغىلى خالىغانغا چاپىنىڭنى ھەم
بەرگىن. [41] بىر چاقىرىم ماڭغىلى سېنى زورلىغان كىشى بىلەن بىللە ئىككى چاقىرىم بارغىن.
[42] سەندىن تىلىگەنگە بەرگىن ۋە سەندىن قەرز سورىغۇچىدىن يۈز ئۆرۈمىگىن.

## دۈشمەنلەرنى دوست تۇتۇش توغرىسىدا

[43] ‹ ھەقەمسايەڭنى دوست تۇتقىن ۋە دۈشمىنىڭنى يامان كۆرگىن› دەپ ئېيتىلغاننى
ئاڭلىغانسىلەر. [44] لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتىمەن: دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتۇڭلار ۋە
سىلەرنى قوغلىغانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، [45] شۇنداق قىلغاندا ئاسمانلاردىكى ئاتاڭلارنىڭ
باللىرى بولغايسىلەر، چۈنكى ئۇ ئۆز ئاپتىپىنى يامانلار بىلەن ياخشىلارنىڭ ئۈستىگە باراۋەر
چىقىرىدۇ ۋە ئادىللار بىلەن پاسىقلار ئۈستىگە باراۋەر يامغۇر ياغدۇرىدۇ. [46] چۈنكى ئۆزۈڭلارنى
دوست تۇتقانلارنى دوست تۇتساڭلار، ئىنئامىڭلار نىمە بولىدۇ؟ باجگىرلار ھەم شۇنداق قىلمامدۇ؟
[47] يالغۇز بۇرادەرلىرىڭلارغا سالام قىلساڭلار، پەزىلىتىڭلار نىمە بولىدۇ؟ بۇتپەرەسلەر ھەم شۇنداق
قىلمامدۇ؟ [48] ئەمما ساماۋى ئاتاڭلار كامىل بولغاندەك سىلەر ھەم كامىل بولۇڭلار.

## سەدىقە بېرىش توغرىسىدا

6 [1] ئېھتىيات قىلىڭلاركى، ئادالىتىڭلارنى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارغا كۆرۈنمەك ئۈچۈن
قىلمىغايسىلەر. بولمىسا ئاسمانلاردىكى ئاتاڭلارنىڭ ئالدىدا ئىنئامىڭلار بولمايدۇ. [2] ئۇنىڭ
ئۈچۈن سەن سەدىقە بەرگەندە رىيا قىلغۇچىلار ئادەملەردىن داڭلانماق ئۈچۈن سىناگوگلاردا
ۋە كوچىلاردا قىلغاندەك ئالدىڭدا كاناي چالمىغىن. بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئۇلار ئۆز
ئىنئامىنى ئالغان بولىدۇ. [3] لېكىن سەن سەدىقە بەرگەندە سول قولۇڭ ئوڭ قولۇڭنىڭ نىمە
قىلغىنىنى بىلمىسۇن. [4] شۇنداق بولغاندا سەدىقەڭ پىنھان بولىدۇ ۋە پىنھاندا كۆرىدىغان
ئاتاڭ ساڭا بۇنى ياندۇرىدۇ.

## دۇئا قىلىش توغرىسىدا

5 دۇئا قىلغىنىڭلاردا رىيا قىلغۇچىلارغا ئوخشىماڭلار، چۈنكى ئۇلار ئادەملەرگە كۆرۈنمەك
ئۈچۈن سىناگوگلاردا ۋە كوچا باشلىرىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەرھەق، سىلەرگە
ئېيتىمەن: ئۇلار ئۆز ئىنئامىنى ئالغان بولىدۇ. 6 لېكىن سەن دۇئا قىلساڭ، ئۆيۈڭگە كىرىپ
ئىشىكىڭنى ئېتىپ، پىنھاندىكى ئاتاڭغا دۇئا قىلغىن ۋە پىنھاندا كۆرىدىغان ئاتاڭ ساڭا بۇنى
ئاشكارا ياندۇرىدۇ. 7 دۇئا قىلغىنىڭلاردا بۇتپەرەسلەردەك سۆزنى بىھۇدە ئۇزارتماڭلار، چۈنكى
ئۇلار، سۆزلىرىمىزنىڭ تولىلىقى ئۈچۈن ئىجابەت بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىدۇ. 8 لېكىن ئۇلارغا
ئوخشىماڭلار، چۈنكى ئاتاڭلار نېمىگە موھتاج بولغىنىڭلارنى سىلەر ئۇنىڭدىن تىلىمەستىن
ئىلگىرى بىلىدۇ. 9 ئەمما سىلەر شۇنداق دۇئا قىلىڭلاركى: ‹ ئەي ئاسمانلاردىكى ئاتىمىز! سېنىڭ
ئىسمىڭ مۇقەددەس بولغاي. 10 سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ كەلگەي. سېنىڭ ئىرادەڭ ئاسماندا
قىلىنغاندەك يەردە ھەم قىلىنغاي. 11 يەتكۈدەك نېنىمىزنى بۈگۈن بىزگە بەرگىن. 12 بىز
ھەم بىزدىن قەرزدار كىشىلەرنى كەچۈرگەندەك بىزنىڭ قەرزلىرىمىزنى كەچۈرگىن. 13 بىزنى
سىناقتا سالمىغىن، لېكىن بىزنى يامان بولغۇچىدىن قۇتقۇزغىن، چۈنكى پادىشاھلىق ۋە
قۇدرەت ۋە شان-شەرەپ ئەبەدكىچە سېنىڭكىدۇر. ئامىن›. 14 چۈنكى ئادەملەرنىڭ خاتالىرىنى
كەچۈرسەڭلار، ساماۋى ئاتاڭلار ھەم سىلەرنى كەچۈرىدۇ. 15 لېكىن ئادەملەرنىڭ خاتالىرىنى
كەچۈرمىسەڭلار، ئاتاڭلار ھەم سىلەرنىڭ خاتالىرىڭلارنى كەچۈرمەيدۇ.

## روزا تۇتۇش توغرىسىدا

16 روزا تۇتقىنىڭلاردا رىيا قىلغۇچىلارغا ئوخشاش چىرايىڭلارنى چۈشكۈنلەشتۈرمەڭلار، چۈنكى
ئۇلار ئادەملەرگە: ‹ روزا تۇتقاندەك كۆرۈنەيلى› دەپ يۈزلىرىنى تەبدىل قىلىدۇ. بەرھەق، سىلەرگە
ئېيتىمەن: ئۇلار ئۆز ئىنئامىنى ئالغان بولىدۇ. 17 لېكىن سەن روزا تۇتقاندا بېشىڭنى ياغلاپ،
يۈزۈڭنى يۇغىن، 18 شۇنداق قىلىپ، ئادەملەرگە روزا تۇتقاندەك كۆرۈنمەي، بەلكى پىنھاندىكى
ئاتاڭغا كۆرۈنسەن ۋە پىنھاندا كۆرىدىغان ئاتاڭ ساڭا بۇنى ئاشكارا ياندۇرىدۇ.

## خەزىنە يىغىش توغرىسىدا

19 يەردە ئۆزۈڭلارغا خەزىنە يىغماڭلار. ئاندا كۈيە بىلەن دات چىرىتىپ بۇزىدۇ ۋە ئوغرىلار تام
تېشىپ كىرىپ ئوغرىلايدۇ. 20 لېكىن ئاسماندا ئۆزۈڭلارغا خەزىنە يىغىڭلار. ئاندا كۈيە بىلەن
دات چىرىتىپ بۇزمايدۇ ۋە ئوغرىلار تام تېشىپ كىرىپ ئوغرىلىمايدۇ. 21 چۈنكى خەزىنەڭ نە
يەردە بولسا، كۆڭلۈڭ ھەم ئاندا بولىدۇ. 22 بەدەننىڭ چىرىغى كۆزدۇر. كۆزۈڭ ساپ بولسا، بارچە
بەدىنىڭ يورۇق بولىدۇ. 23 لېكىن كۆزۈڭ خاراب بولسا، بارچە بەدىنىڭ قاراڭغۇ بولىدۇ. ئەگەر
سەندىكى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق بولسا، قاراڭغۇلۇق ئۆزى قانچە چوڭ بولىدۇ! 24 ھېچكىم

ئىككى خوجىغا خىزمەت قىلالمايدۇ. چۈنكى ياكى بىرىنى يامان كۆرۈپ، يەنە بىرىنى ياخشى
كۆرىدۇ، ياكى بىرىگە مايىل بولۇپ، يەنە بىرىنى تەھقىر قىلىدۇ. ھەم خۇداغا، ھەم دۇنياغا
خىزمەت قىلالمايسىلەر.

## ئەندىشە قىلىش توغرىسىدا

25 ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە ئېيتىمەن: تىرىكلىكىڭلار ئۈچۈن ‹ نېمە يەيمىز؟› ياكى ‹ نېمە
ئىچىمىز؟› ۋە بەدىنىڭلار ئۈچۈن ‹ نېمە كىيىمىز؟› دەپ ئەندىشە قىلماڭلار. تىرىكلىك غىزادىن
ۋە بەدەن لىباستىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ 26 ھاۋادىكى ئۇچارقاناتلارغا قاراڭلار! ئۇلار نە تېرىمايدۇ،
نە ئورمايدۇ ۋە نە ساڭغا يىغمايدۇ ۋە ساماۋى ئاتاڭلار ئۇلارغا رىسقىنى بېرىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن
ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ 27 قايسىڭلار ئۆز ئەندىشىسى بىلەن ئۆز ئۆمرىنى بىر گەز ئۇزۇنراق قىلىدۇ؟
نېمىشقا لىباس ئۈچۈن ئەندىشە قىلىسىلەر؟ 28 سەھرادىكى ياۋا گۈللەرگە قاراڭلار. ئۇلار قانداق
ئۆسىدۇ؟ ئۇلار ئىشلىمەيدۇ ۋە ئېگىرمەيدۇ. 29 لېكىن سىلەرگە ئېيتىمەن: سۇلايمان ھەم بارچە
شان-شەرىپى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىدەك كىيگەن ئەمەس ئىدى. 30 ئەمما خۇدا سەھرادىكى بۇ كۈن
بار، ئەتە تونۇرغا سېلىنىدىغان ئوتقا شۇنداق كىيدۈرسە، قانچە ئوشۇقراق سىلەرگە كىيدۈرمەمدۇ،
ئەي ئېتىقادى كەم بولغانلار! ‹ نېمە يەيمىز؟› يا ‹ نېمە ئىچىمىز؟› ياكى ‹ نېمە كىيىمىز؟› دەپ
ئەندىشە قىلماڭلار. 31 چۈنكى بۇنىڭ ھەممىسىنى تائىپىلەر ئىزدەيدۇ. 32 ساماۋى ئاتاڭلار ئۆزى
بۇنىڭ ھەممىسىگە موھتاج بولغىنىڭلارنى بىلىدۇ. 33 لېكىن ئاۋۋال خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە
ئادالىتىنى ئىزدەڭلار ۋە بۇنىڭ ھەممىسى سىلەرگە بېرىلىدۇ. 34 ئەتە ئۈچۈن ھېچ ئەندىشە قىلماڭلار،
چۈنكى ئەتە ئۆزى ئۆز ئەندىشىسى بار. ھەر كۈننىڭ ئۆز دەردى ئۆزىگە يېتىدۇ.

## ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدا

7 1 ھۆكۈم قىلماڭلار. بولمىسا سىلەرمۇ ھۆكۈم قىلىنىسىلەر. 2 چۈنكى ھەر نە ھۆكۈم
بىلەن ھۆكۈم قىلساڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ھەر نە ئۆلچەم
بىلەن كەملەپ بەرسەڭلار، سىلەرگە كەملىنىدۇ. 3 نېمە ئۈچۈن بۇرادىرىڭنىڭ كۆزىدىكى
خەسنى كۆرىسەن، ئەمما ئۆز كۆزۈڭدىكى خادىنى تۇيمايسەن؟ 4 قانداقمۇ بۇرادىرىڭگە: ‹
مېنى قويغىن، كۆزۈڭدىكى خەسنى چىقىراي› دەپ ئېيتالىسەن؟ مانا ئۆز كۆزۈڭدە خادا بار!
5 ئەي رىيا قىلغۇچى، ئاۋۋال خادىنى ئۆز كۆزۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن. ئاندىن بۇرادىرىڭنىڭ
كۆزىدىن خەسنى چىقىرىۋەتكىلى روشەن كۆرىسەن. 6 مۇقەددەس نەرسىنى ئىتلارغا بەرمەڭلار
ۋە مەرۋايىتلىرىڭلارنى توڭگۇزلارنىڭ ئالدىدا تاشلىماڭلار. بولمىسا ئۇلار بۇلارنى پۇتلىرى بىلەن
دەسسەيدۇ ۋە بۇرۇلۇپ سىلەرنى يىرتىدۇ.

## تىلەش ۋە ئىزدەش توغرىسىدا

7 تىلەڭلار ۋە سىلەرگە بېرىلىدۇ. ئىزدەڭلار ۋە تاپىسىلەر. قېقىڭلار ۋە سىلەرگە ئېچىلىدۇ.
8 چۈنكى ھەركىم تىلىسە، ئالىدۇ ۋە كىمكى ئىزدىسە، تاپىدۇ ۋە كىمكى قاقسا، ئۇنىڭغا
ئېچىلىدۇ. 9 ئاراڭلاردا قايسى ئادەم ئۆز ئوغلى ئۇنىڭدىن بىر نان تىلىسە، ئۇنىڭغا بىر تاش
بېرىدۇ؟ 10 ياكى بىر بېلىق تىلىسە، ئۇ ئۇنىڭغا بىر يىلان بېرامدۇ؟ 11 ئەگەر سىلەر يامان
بولۇپ تۇرۇپ، ئۆز بالىلىرىڭلارغا ياخشى ھەدىيەلەر بېرىشنى بىلسەڭلار، قانچە ئۇشۇقراق
ئاسمانلاردىكى ئاتاڭلار ئۆزىدىن تىلىگەنلەرگە ياخشى نەرسىلەرنى بېرىدۇ. 12 ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئادەملەرنىڭ سىلەرگە ھەرنېمە قىلىشىنى خالىساڭلار، سىلەر ھەم ئۇلارغا شۇنداق قىلىڭلار،
چۈنكى تەۋرات ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى شۇدۇر.

## تار ۋە كەڭ دەرۋازا

13 تار دەرۋازىدىن كىرىڭلار، چۈنكى ھالاكەتكە بارىدىغان دەرۋازا كەڭ ۋە يول كەڭرىدۇر ۋە
ئۇنىڭدىن كىرىپ ماڭغۇچىلار تولىدۇر. 14 ئەمما ھاياتلىققا بارىدىغان دەرۋازا تار ۋە يول
قىستىلاڭ ۋە ئۇنى تاپقۇچىلار ئازدۇر.

## دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى

15 ئالدىڭلارغا قوي لىباسىدا كېلىپ، ئىچى يىرتقۇچى بۆرىدەك ساختا پەيغەمبەرلەردىن
ئېھتىيات قىلىڭلار. 16 ئۇلارنى مېۋىلىرىدىن تونىسىلەر. تىكەندىن ئۈزۈم ياكى يانتاقتىن
ئەنجۈر ئېلىنامدۇ؟ 17 شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋە كەلتۈرىدۇ، لېكىن
يامان دەرەخ يامان مېۋە كەلتۈرىدۇ. 18 ياخشى دەرەخ يامان مېۋە كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە يامان دەرەخ
ياخشى مېۋە كەلتۈرەلمەيدۇ. 19 ياخشى مېۋە كەلتۈرمەيدىغان ھەر دەرەخ كېسىلىپ ئوتقا
تاشلىنىدۇ. 20 شۇنىڭدەك ئۇلارنى مېۋىلىرىدىن تونۇيسىلەر.

## ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىش

21 ماڭا: ‹ ئەي خۇداۋەندە، ئەي خۇداۋەندە› دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا
كىرمەيدۇ، بەلكى ئاسمانلاردىكى ئاتامنىڭ ئىرادىسىنى بەجا كەلتۈرگۈچى كىرىدۇ. 22 تولا
كىشى ئۇ كۈندە ماڭا كېلىپ ئېيتىدۇ: ‹ ئەي خۇداۋەندە، ئەي خۇداۋەندە، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن
پەيغەمبەرلىك قىلمىدۇقمۇ؟›، ‹ سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يامان روھلارنى چىقارمىدۇقمۇ؟› ۋە
‹ سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن تولا قۇۋۋەتلىك ئەمەللەر قىلمىدۇقمۇ؟› 23 ئۇ ۋاقىت ئۇلارغا روشەن
قىلىپ ئېيتىمەن: ‹ سىلەرنى ئەسلا تونۇمىدىم. مەندىن كېتىڭلار، ئەي يامانلىق قىلغۇچىلار›.

## قورام تاش ئۈستىدە قۇرۇلغان ئۆي

[24] ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم ئۇشبۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئەمەلگە كەلتۈرسە، ئۇ ئۆز
ئۆيىنى قورام تاش ئۈستىدە ياسىغان بىر ئاقىل كىشىگە ئوخشايدۇ. [25] يامغۇر يېغىپ، سەللەر
كېلىپ، بورانلار چىقىپ ئۇ ئۆيگە ئۇردى، ئەمما ئۇ يىقىلمىدى، چۈنكى قورام تاش ئۈستىدە بىنا
قىلىنغانىدى. [26] ھەركىم ئۇشبۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئەمەلگە كەلتۈرمىسە، ئۆز ئۆيىنى
قۇم ئۈستىدە ياسىغان بىر ئەخمەق كىشىگە ئوخشايدۇ. [27] ۋە يامغۇر يېغىپ، سەللەر كېلىپ،
بورانلار چىقىپ ئۇ ئۆيگە ئۇردى ۋە ئۇ يىقىلدى ۋە ئۇنىڭ يىقىلىشى چوڭ ئىدى». [28] ۋەقە
بولدىكى، ئەيسا بۇ سۆزلەرنى تامام قىلغاندا خەلق ئۇنىڭ تەلىمىگە ھەيران قالدى. [29] چۈنكى
ئۇلارنىڭ كاتىپلىرىدەك ئەمەس، بەلكى قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت بىلەن ئۇلارغا تەلىم بېرەتتى.

## پېسە كېسەلنىڭ ساقايتىلىشى

8 [1] تاغدىن چۈشكەندە تولا خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [2] ۋە مانا بىر پېسە كېلىپ، ئۇنىڭغا
سەجدە قىلىپ ئېيتتى: «ئەي خوجا، خالىساڭ، مېنى پاكىز قىلالايسەن». [3] ئەيسا قولىنى
ئۇزىتىپ، ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپ ئېيتتى: «خالايمەن، پاكىز بولغىن». دەرھال ئۇنىڭ پېسەلىكى
پاكىز بولدى. [4] ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئاگاھ بولۇپ، ھېچكىمگە ئېيتماي بېرىپ، ئۆزۈڭنى
كاھىنغا كۆرسەتكىن. ئۇلارغا گۇۋاھلىق بولماق ئۈچۈن مۇسا ئەمر قىلغان ھەدىيەنى
ئۆتكۈزگىن».

## بىر ئەسكەر يۈزبېشىنىڭ ئېتىقادى

[5] كاپەرناھۇمغا كىرگەندە بىر ئەسكەر يۈزبېشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ،
[6] ئېيتتى: «ئەي خوجا، غۇلامىم پالەچ بولۇپ، ئۆيدە قاتتىق ئازاب تارتىپ ياتىدۇ». [7] ئۇ ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «مەن بېرىپ ئۇنى ساقايتاي». [8] لېكىن ئەسكەر يۈزبېشى جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئەي
خوجا، تورۇسۇمنىڭ تېگىگە كىرىشىڭگە لايىق ئەمەسمەن. بەلكى يالغۇز بىر سۆز ئېيتقىن
ۋە غۇلامىم ساقىيىدۇ. [9] چۈنكى مەن ھەم بۇيرۇق تېگىدىكى بىر ئادەم ئىكەنمەن ۋە مېنىڭ
قولۇمدا ئەسكەر بار ۋە بىرىگە ‹ بارغىن› دېسەم، بارىدۇ ۋە يەنە بىرىگە ‹ كەلگىن› دېسەم،
كېلىدۇ ۋە قۇلۇمغا ‹ شۇنى قىلغىن› دېسەم قىلىدۇ». [10] ئەيسا بۇنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپ،
ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئىسرائىلدا ھەم شۇنچە ئېتىقاد
تاپمىدىم. [11] ئەمما سىلەرگە ئېيتىمەن: تولا كىشى شەرقتىن ۋە غەربتىن كېلىپ، ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقتا ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ۋە ياقۇب بىلەن داستىخاندا ئولتۇرىدۇ. [12] لېكىن
پادىشاھلىقنىڭ ئوغۇللىرى تاشقىرىدىكى قاراڭغۇلۇقتا تاشلىنىدۇ. ئاندا يىغا ۋە چىش

غۇچۇرلاتماقلىق بولىدۇ». [13] ئەيسا ئەسكەر يۈزبېشىغا ئېيتتى: «بارغىن، ئىشەنگىنىڭدەك
ساڭا بولسۇن». مۇشۇ سائەت غۇلامى ساقايدى.

## تولا كېسەللەر شىپا تاپىدۇ

[14] ئەيسا پېترۇسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قېينانىسىنىڭ تەپ بولۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ،
[15] ئۇنىڭ قولىغا تەگكۈزدى ۋە تەپ ئۇنى قويۇپ بەردى ۋە ئۇ قوپۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدى.
[16] ئاخشام بولغاندا تولا جىن چاپلاشقانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ روھلارنى سۆز
بىلەن چىقىرىپ، ھەممە ئاغرىق بولغانلارغا شىپالىق بەردى، [17] بۇنىڭ بىلەن: ‹ ئۇ ئۆزى
بىزنىڭ زەئىپلىكلىرىمىزنى ئېلىپ، كېسەللىكلىرىمىزنى كۆتۈردى› دەپ يەشايا پەيغەمبەرنىڭ
ۋاستىسى بىلەن ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلدى.

## ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىش

[18] ئەيسا ئۆز چۆرىسىدە تولا خەلقنى كۆرۈپ، ئۇ تەرەپتىكى كانارغا ئۆتكىلى بۇيرۇدى. [19] بىر كاتىپ
چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي ئۇستاز، نە يەرگە بارساڭ، ساڭا ئەگىشەي». [20] ئەيسا
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «تۈلكىلەرنىڭ غارلىرى ۋە ئاسمان ئۇچارقاناتلىرىنىڭ ئۇۋىلىرى بار، لېكىن
ئىبن ئال-ئىنساننىڭ باش قويىدىغان يېرى يوقتۇر». [21] شاگىرتلىرىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «ئەي خوجا، ئاۋۋال بېرىپ، ئاتامنى دەپنە قىلغىلى ماڭا ئىجازەت بەرگىن». [22] ئەمما
ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ماڭا ئەگەشكىن ۋە ئۆلۈك بولغانلەر ئۆزى ئۆلۈكلىرىنى كۆمسۇن».

## ئەيسا مەسىھ بوراننى تىنچىتىدۇ

[23] ئۇ كېمىگە كىرگەندە شاگىرتلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [24] ۋە مانا دېڭىزدا كېمە دولقۇنلاردىن
يېپىلغۇدەك بىر قاتتىق بوران چىقتى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئۇخلىغانىدى. [25] ئۇلار كېلىپ، ئۇنى ئويغىتىپ
ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، بىزنى قۇتقۇزغىن! ھالاك بولىمىز». [26] ئۇ ئۇلارغا: «نېمە ئۇچۇن قورقىسىلەر،
ئەي كەم ئېتىقادلىقلار» دەپ قوپۇپ، شامال بىلەن دېڭىزغا تەنبىھ بەردى ۋە تامام تىنچلىق بولدى.
[27] ئادەملەر ئەجەبلىنىپ ئېيتتى: «بۇ كىمدۇركى، شامال ۋە ھەم دېڭىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ؟»

## ئەيسا مەسىھ بىر ئادەمدىن تولا يامان روھلار چىقىرىدۇ

[28] ئۇ تەرەپتىكى كانارغا گەرگەسەنلىكلەرنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بارغاندا جىن چاپلاشقان ئىككى
كىشى گۆرلەردىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئۇنداق زوراۋان ئىدىكى، ھېچكىم

ئۇ يولدىن ئۆتەلمەس ئىدى. [29] ۋە مانا ئۇلار: «ئەي ئىبن ئاللا، سەن بىلەن نېمە ئىشىمىز
بار؟ ۋاقىت بولماستا بىزگە ئازاب بەرگىلى كەلدىڭمۇ؟» دەپ قىچقارادى. [30] ئۇلاردىن نېرىراق
ئوتلاپ تۇرغان چوڭ بىر پادا توڭگۇز بار ئىدى. [31] يامان روھلار ئۇنىڭغا: «بىزنى چىقارساڭ،
توڭگۇز پادىسىغا بىزنى ئەۋەتكىن» دەپ يالۋۇردى. [32] ئۇ ئۇلارغا: «بېرىڭلار» دەپ ئېيتتى.
ئۇلار چىقىپ، توڭگۇزلارغا كىردى ۋە مانا پۈتۈن پادا ياردىن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ، سۇلاردا
ھالاك بولدى. [33] باققۇچىلار قېچىپ شەھەرگە بېرىپ، ھەممىسىنى ۋە جىن چاپلاشقانلارغا ۋەقە
بولغاننى خەۋەر بەردى. [34] ۋە مانا پۈتۈن شەھەر ئەيسانىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى كۆرگەندە
ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن كەتسۇن دەپ يالۋۇردى.

## ئەيسا مەسىھ بىر پالەچنى ساقايتىدۇ

9 [1] ئۇ كېمىگە كىرىپ ئۆتۈپ، ئۆز شەھىرىگە كەلدى. [2] ۋە مانا كىشىلەر ئورۇن ئۈستىدە
ياتقان بىر پالەچنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئەيسا ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى كۆرۈپ پالەچكە
ئېيتتى: «ئەي بالام، كۆڭلۈڭنى خوش تۇتقىن، سېنىڭ گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلدى». [3] ئاندىن
مانا، كاتىپلارنىڭ بەزىسى ئۆز ئىچىدە: «ئۇ كۇپۇر ئېيتىدۇ» دېيىشتى. [4] ئەمما ئەيسا ئۇلارنىڭ
پىكىرلىرىنى بىلىپ ئېيتتى: «نېمە ئۈچۈن كۆڭۈللىرىڭلاردا يامان پىكىر قىلىسىلەر؟ [5] قايسى
ئوڭايراقتۇر: ‹ سېنىڭ گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلدى› دېيىشمۇ ياكى: ‹ قوپۇپ ماڭغىن› دېيىشمۇ؟
[6] لېكىن ئىبن ئال-ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە گۇناھلارنى كەچۈرگىلى قۇدرىتى بار بولغىنىنى
بىلگەيسىلەر» دەپ، پالەچكە: «قوپۇپ، ئورنۇڭنى كۆتۈرۈپ ئۆيۈڭگە بارغىن» دەپ ئېيتتى.
[7] ئۇ قوپۇپ، ئۆيىگە باردى. [8] خەلق بۇنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ، ئادەملەرگە شۇنداق قۇدرەت
بەرگەن خۇداغا ھەمد ئېيتتى.

## ئەيسا مەسىھ مەتتانى شاگىرتلىققا قىچقىرىدۇ

[9] ئەيسا ئاندىن ئۆتۈپ، مەتتا دېگەن بىر ئادەمنىڭ باجخانىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ: «ماڭا
ئەگەشكىن» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئۇ قوپۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [10] ۋەقە بولدىكى، ئۆيدە
داستىخاندا ئولتۇرغاندا مانا تولا باجگىر بىلەن گۇناھكارلار كېلىپ، ئەيسا ۋە شاگىرتلىرى
بىلەن بىللە ئولتۇردى. [11] پەرىسىيلەر شۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا: «نېمە ئۈچۈن
ئۇستازىڭلار باجگىرلار ۋە گۇناھكارلار بىلەن تائام يەيدۇ؟» دەپ ئېيتتى. [12] ئەيسا شۇنى
ئاڭلاپ ئېيتتى: «ساقلار تېۋىپقا موھتاج ئەمەس، بەلكى كېسەللەر. [13] ‹ قۇربان ئەمەس، بەلكى
رەھىمدىللىكنى خالايمەن› دەپ نېمە ئىكەنىنى ئۆگىنىڭلار. چۈنكى ئادىللارنى قىچقارغىلى
ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى قىچقارغىلى كەلدىم».

## روزا تۇتۇش توغرىسىدا بىر سوئال

14 ئۇ ۋاقىت يۇھاننانىڭ شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى: «نېمىشقا بىزلەر ۋە
پەرىسىيلەر روزا تۇتىمىز، لېكىن سېنىڭ شاگىرتلىرىڭ تۇتمايدۇ؟» 15 ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى:
«تويدىكى يىگىت قولداشلىرى توي يىگىتى ئۇلار بىلەن بار ۋاقىتتىدا ماتەم تۇتالامدۇ؟ لېكىن
توي يىگىتى ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىت ئۇلار روزا تۇتىدۇ. 16 ھېچكىم
كىرىشىپ كەتمىگەن يېڭى پارچىدىن كونا لىباسقا ياماق سالمايدۇ. چۈنكى سېلىنغان ياماق
لىباسنى تارتىپ يىرتىۋېتىدۇ ۋە يىرتىق يامانراق بولىدۇ. 17 يېڭى شاراب كونا تۇلۇملارغا
توشتۇرۇلمايدۇ. بولمىسا تۇلۇملار يىرتىلىپ، شاراب تۆكۈلىدۇ ۋە تۇلۇملار خاراب بولىدۇ. بەلكى
يېڭى شاراب يېڭى تۇلۇملارغا توشتۇرۇلىدۇ ۋە ھەر ئىككىلىسى ساق قالىدۇ».

## تىرىلدۈرۈلگەن قىز ۋە ساقايتىلغان خوتۇن

18 ئۇلارغا بۇنى ئېيتقاندا مانا بىر سىناگوگنىڭ چوڭى كېلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ ئېيتتى:
«قىزىم ھازىر ئۆلدى، لېكىن سەن بېرىپ قولۇڭنى ئۇنىڭ ئۇستىگە قويغىن ۋە ئۇ تىرىلىدۇ».
19 ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. 20 ۋە مانا، ئون ئىككى
يىلدىن بېرى خۇن كېسەللى تارتقان بىر خوتۇن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، لىباسىنىڭ ئېتىكىنى
تۇتتى. 21 چۈنكى «ئۇنىڭ لىباسىغا قول تەگكۈزسەم، ساقىيىمەن» دەپ ئۆز ئىچىدە ئېيتتى.
22 ئەمما ئەيسا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتى: «ئەي قىزىم، كۆڭلۈڭنى خۇش تۇتقىن،
ئېتىقادىڭ سېنى قۇتقۇزدى». شۇ سائەتتىن خوتۇن ساقىيغان بولدى. 23 ئەيسا ئۇ چوڭنىڭ
ئۆيىگە كېلىپ، نەي چالغۇچىلار بىلەن غۇلغۇلا قىلغان خەلقنى كۆرگەندە ئېيتتى: 24 «نېرى
تۇرۇڭلار، چۈنكى قىز ئۆلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇخلاۋاتىدۇ». ئەمما ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ
كۈلدى. 25 خەلق چىقىرىلغاندا ئىچكىرى كىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە قىز قوپتى.
26 شۇنىڭ خەۋىرى پۈتۈن ئۇ يۇرتقا چىقتى.

## ئىككى كور ۋە بىر گاچا شىپا تاپىدۇ

27 ئەيسا ئاندىن ئۆتكەندە ئىككى كور ئۇنىڭغا ئەگىشىپ: «ئەي ئىبن-داۋۇد، بىزگە رەھىم
قىلغىن» دەپ قىچقىرىپ ئېيتتى. 28 ئۇ ئۆيگە كىرگەندە كورلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ئەيسا ئۇلارغا: «بۇنى قىلالايدىغىنىمغا ئىشىنىسىلەرمۇ؟» ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي خوجا،
ئىشىنىمىز». 29 ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قول تەگكۈزۈپ ئېيتتى: «ئىشەنگىنىڭلارغا
مۇۋاپىق سىلەرگە بولسۇن». 30 ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى. ئەيسا ئۇلارغا قاتتىق ئەمر قىلىپ:
«قاراڭلار، ھېچكىم بىلمىسۇن» دەپ ئېيتتى. 31 لېكىن ئۇلار چىقىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى
پۈتۈن ئۇ يۇرتقا تارقاتتى. 32 بۇلار چىققاندا، مانا، كىشىلەر بىر گاچا جىن چاپلاشقان كىشىنى

ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. 33 يامان روھ چىقىرىلغاندا گاچا گەپ قىلدى. خەلق ئەجەبلىنىپ:
«ھەرگىز مۇنداق ئىش ئىسرائىلدا كۆرۈنگەن ئەمەس» دەپ ئېيتتى. 34 لېكىن پەرىسىيلەر
ئېيتتى: «ئۇ يامان روھلارنى يامان روھلارنىڭ چوڭىنىڭ ۋاستىسى بىلەن چىقىرىدۇ».

## ئەيسا مېسىھنىڭ خەلققە رەھمى كېلىشى

35 ئەيسا ھەممە شەھەرلەرنى ۋە كەنتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىناگوگلىرىدا تەلىم
بېرىپ، پادىشاھلىقنىڭ خۇش خەۋىرىنى ۋەز ئېيتىپ، ھەر خىل كېسەللىكنى ۋە ھەر خىل
زەئىپلىكنى ساقايتتى. 36 ئۇ خەلقنى كۆرگەندە ئۇلارغا رەھمى كەلدى، چۈنكى ئۇلار پادىچىسى
يوق قويلاردەك قىينىلىپ پەرىشان ئىدى. 37 ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا ئېيتتى: «ھوسۇل تولا،
لېكىن ئورمىچىلار ئازدۇر. 38 ئۇنىڭ ئۈچۈن ھوسۇلنىڭ ئىگىسىگە يالۋۇرۇڭلاركى، ئۆز
ھوسۇلىغا ئورمىچىلار ئەۋەتكەي».

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئون ئىككى شاگىرتىنى تاللىشى ۋە ئەۋەتىشى

10 1 ئۇ ئون ئىككى شاگىرتىنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا ناپاك روھلار ئۈستىگە ئۇلارنى
چىقارغىلى ۋە ھەر كېسەللىك بىلەن ھەر زەئىپلىكنى ساقايتقىلى قۇدرەت بەردى. 2 ئون
ئىككى روسۇلنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق: ئاۋۋالقىسى پېترۇس دەپ ئاتالغان سىمون ۋە ئۇنىڭ
بۇرادىرى ئاندرېياس ۋە زەبەدىينىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ بۇرادىرى يۇھاننا، 3 فىلىپپۇس ۋە
بارتولومېئۇس، توماس ۋە باجگىر مەتتا، ئالپېئۇسنىڭ ئوغلى ياقۇپ ۋە تادېئۇس، 4 قانائانلىق
سىمون ۋە ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچى ئىشقارىيوت يەھۇدا. 5 ئەيسا بۇ ئون ئىككىنى ئەۋەتىپ،
ئۇلارغا ئەمر قىلىپ ئېيتتى: «تائىپىلەرنىڭ يولىغا چىقماڭلار ۋە سامارىيەلىكلەرنىڭ شەھىرىگە
كىرمەڭلار. 6 بەلكى بەيت-ئىسرائىلنىڭ يىتكەن قويلىرىغا بېرىڭلار. 7 كېتىپ بارغىنىڭلاردا:
‹ ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى يېقىنلاشتى!› دەپ ۋەز ئېيتىڭلار. 8 كېسەللەرنى ساقايتىڭلار،
ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈپ قويۇڭلار، پېسەلەرنى پاكىز قىلىڭلار، يامان روھلارنى چىقىرىڭلار.
خالىس ئالدىڭلار، خالىس بېرىڭلار. 9 بەلۋاغلىرىڭلاردا نە ئالتۇن، نە كۈمۈش، نە مىس
پۇللارنى ئالماڭلار. 10 نە يولغا خۇرجۇن، نە ئىككى كىيىم، نە ئاياغ، نە ھاسا ئالماڭلار، چۈنكى
مەدىكار رىسقىنى ئېلىشقا لايىقتۇر. 11 قايسى شەھەر ياكى كەنتكە كىرسەڭلار، ئاندا كىم لايىق
بولغىنىنى تەھقىقلەپ، چىقىپ كەتكۈچە ئۇنىڭكىدە قېلىڭلار. 12 ئۆيگە كىرگىنىڭلاردا ئۇنىڭغا
سالام ئېيتىڭلار. 13 ئۇ ئۆي لايىق بولسا، سالىمىڭلار ئۇنىڭغا كەلگەي، لېكىن لايىق بولمىسا،
سالىمىڭلار سىلەرگە يانغاي. 14 ھەركىم سىلەرنى قوبۇل قىلمىسا ۋە سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىمىسا،
ئۇ ئۆيدىن ياكى ئۇ شەھەردىن چىقىپ، پۇتلىرىڭلاردىن توپىنى قېقىڭلار. 15 بەرھەق، سىلەرگە

ئېيتىمەنكى، ھۆكۈم كۈنىدە سودوم ۋە گوموررا يۇرتىغا بولىدىغان ھالەت ئۇ شەھەرنىڭكىدىن
يېنىكرەك بولىدۇ.

## قوغلىنىشتا ئەيسا مەسىھكە قورقماي ئەگىشىش

[16] مانا مەن سىلەرنى بۆرىلەر ئارىسىغا قويلاردەك ئەۋەتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن يىلانلاردەك دانا ۋە
كەپتەرلەردەك ساددا بولۇڭلار.
[17] ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، چۈنكى سىلەرنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە سىلەرنى
سىناگوگلىرىدا قامچىلايدۇ. [18] مەن ئۈچۈن ۋالىيلار بىلەن پادىشاھلارنىڭ ئالدىغا، ئۇلارغا
ۋە تائىپىلەرگە گۇۋاھلىق بولماق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىسىلەر. [19] سىلەرنى تۇتۇپ بەرگەندە
قانداق ياكى نېمە ئېيتايلى دەپ، ئەندىشە قىلماڭلار، چۈنكى نېمە ئېيتىدىغىنىڭلار ئۇ سائەتتە
سىلەرگە بېرىلىدۇ. [20] مانا سۆز قىلغۇچى سىلەر ئەمەس، بەلكى ئاتاڭلارنىڭ روھى سىلەردە
سۆز قىلغۇچىدۇر. [21] بۇرادەر بۇرادەرنى ۋە ئاتا بالىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ ۋە باللار ئاتا-
ئانىغا قارشى قوپۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. [22] مېنىڭ ئىسمىم ئۈچۈن ھەممىسىدىن يامان
كۆرۈنىسىلەر. لېكىن ئاخىرغىچە سەۋر قىلىپ تۇرغۇچى ئۆزى قۇتۇلىدۇ. [23] ئۇلار بىر شەھەردە
سىلەرنى قوغلىسا، يەنە بىرىگە قېچىڭلار، چۈنكى بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئىبن ئال-
ئىنسان كەلگۈچە ئىسرائىلنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ بولمايسىلەر.
[24] شاگىرت ئۆز ئۇستازىدىن ۋە قۇل ئۆز خوجىسىدىن ئەۋزەل ئەمەس. [25] شاگىرتقا ئۆز
ئۇستازىدەك ۋە قۇلغا ئۆز خوجىسىدەك بولماق كۇپايىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئۆي ئىگىسىنى
بەئەلزابۇل دەپ ئاتىغان بولسا، قانچە ئۇشۇقراق ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئاتىمامدۇ؟ [26] ئەمما
ئۇلاردىن قورقماڭلار، چۈنكى ئاشكارا بولمايدىغان پىنھان نەرسە ۋە بىلىنمەيدىغان مەخپىي
نەرسە يوقتۇر.
[27] سىلەرگە قاراڭغۇلۇقتا ئېيتقىنىمنى يورۇقلۇقتا ئېيتىڭلار ۋە قۇلاقلىرىڭلاردا ئاڭلىغىنىڭلارنى
ئۆگزىلەردە جاكارلاڭلار. [28] بەدەننى ئۆلتۈرۈپ، جاننى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلاردىن قورقماڭلار، بەلكى
ھەم بەدەننى، ھەم جاننى دوزاختا ھالاك قىلىشقا قادىر بولغۇچىدىن قورقۇڭلار. [29] ئىككى
قۇشقاچ بىر تىيىنگە سېتىلمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاتاڭلاردىن بىخەۋەر يەرگە چۈشمەيدۇ.
[30] لېكىن بېشىڭلاردىكى چاچلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ھەم سانالغاندۇر. [31] قورقماڭلار سىلەر
تولا قۇشقاچلاردىن ئەۋزەلدۇرسىلەر. [32] ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم مېنى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا
ئېتىراپ قىلسا، مەن ھەم ئۇنى ئاسمانلاردىكى ئاتامنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىمەن. [33] لېكىن
ھەركىم مېنى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىنكار قىلسا، مەن ھەم ئۇنى ئاسمانلاردىكى ئاتامنىڭ
ئالدىدا ئىنكار قىلىمەن.
[34] مېنى يەر يۈزىگە تىنچلىق سالغىلى كەلدى دەپ خىيال قىلماڭلار. تىنچلىق سالغىلى
كەلمىدىم، بەلكى قىلىچ. [35] چۈنكى ئادەمنى ئۆز ئاتىسىغا ۋە قىزنى ئۆز ئانىسىغا ۋە كېلىننى

ئۆز قېينانىسىغا قارشى چىقىپ، بۆلگۈنچىلىك سالغىلى كەلدىم. 36 ئادەمنىڭ دۈشمەنلىرى
ئۆز ئۆيىنىڭ خەلقى بولىدۇ. 37 كىمكى ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى مەندىن ئوشۇقراق دوست
تۇتسا، ماڭا لايىق ئەمەس ۋە كىمكى ئوغلىنى ياكى قىزىنى مەندىن ئوشۇقراق دوست تۇتسا،
ماڭا لايىق ئەمەس. 38 كىمكى ئۆز كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشمىسە، ماڭا لايىق ئەمەس.
39 كىمكى ئۆز جېنىنى تاپسا، ئۇنى يىتتۈرىدۇ ۋە كىمكى مەن ئۈچۈن ئۆز جېنىنى يىتتۈرسە،
ئۇنى تاپىدۇ.
40 كىمكى سىلەرنى قوبۇل قىلسا، مېنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە كىمكى مېنى قوبۇل قىلسا، مېنى
ئەۋەتكۈچىنى قوبۇل قىلىدۇ.
41 كىمكى بىر پەيغەمبەرنى پەيغەمبەر دەپ ئاتالغىنى ئۈچۈن قوبۇل قىلسا، پەيغەمبەر ئىنئامىنى
ئالىدۇ ۋە كىمكى بىر ئادىلنى ئادىل دەپ ئاتالغىنى ئۈچۈن قوبۇل قىلسا، ئادىلنىڭ ئىنئامىنى
ئالىدۇ. 42 كىمكى شۇ كىچىكلەردىن بىرىگە شاگىرت دەپ ئاتالغىنى ئۈچۈن يالغۇز بىر پىيالە
سوغۇق سۇ ئىچۈرسە، بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن، ئۇ ئۆز ئىنئامىنى يىتتۈرمەيدۇ».

## ئەيسا مەسىھ چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننا توغرىسىدا سۆزلەيدۇ

11 1 ۋەقە بولدىكى، ئەيسا ئون ئىككى شاگىرتىغا ئۆز ئەمرىنى تامام قىلغاندا ئۇ يەردىن
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىدە تەلىم بېرىپ ۋەز ئېيتقىلى باردى.
2 يۇھاننا زىنداندا مەسىھنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، كىشى ئەۋەتىپ ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ
ۋاسىتىسى بىلەن 3 ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇ كېلىدىغان كىشى سەنمۇ ياكى باشقىسىغا مۇنتەزىر
بولايلىمۇ؟»
4 ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «بېرىپ ئاڭلىغان ۋە كۆرگىنىڭلارنى يۇھانناغا خەۋەر
بېرىڭلار: 5 كورلار كۆرىدۇ، توكۇرلار ماڭىدۇ، پېسەلەر پاكىز قىلىنىدۇ، گاسلار ئاڭلايدۇ،
ئۆلگەنلەر تىرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ ۋە پېقىرلارغا ئىنجىل يەتكۈزۈلىدۇ. 6 كىمكى مەندىن تايمىسا،
مۇبارەكتۇر».
7 بۇلار كەتكەندە ئەيسا يۇھاننا توغرىسىدا خەلققە سۆز قىلغىلى باشلاپ ئېيتتى: «باياۋانغا
نېمە كۆرگىلى چىقتىڭلار؟ شامالدىن تەۋرەنگەن بىر قومۇشنىمۇ؟ 8 نېمىشقا چىقتىڭلار؟
زىننەتلىك لىباس كىيگەن بىر ئادەمنى كۆرگىلىمۇ؟ مانا زىننەتلىك لىباس كىيگۈچىلەر
پادىشاھلارنىڭ ئۆيلىرىدىدۇر. 9 ئەمدى نېمىشقا چىقتىڭلار؟ بىر پەيغەمبەرنى كۆرگىلى
ئەمەسمۇ؟ دەرۋەقە سىلەرگە ئېيتىمەن: پەيغەمبەردىن ھەم ئەۋزەلنى. 10 ‹ مانا ئالدىڭدا
يولۇڭنى راستلايدىغان ئەلچىمنى مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئەۋەتىمەن› دەپ ئۇنىڭ توغرىسىدا
پۈتۈلگىنى شۇدۇر. 11 بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: خوتۇندىن تۇغۇلغانلارنىڭ ئارىسىدا
چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننادىن ئۇلۇغراقى قوپۇرۇلمىغان. لېكىن ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدىكى

كىچىكرەكى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغدۇر. [12] چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننانىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ بۇ
چاغقىچە ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى زورلىنىدۇ ۋە زورلىغۇچىلار ئۇنى تارتىۋالىدۇ. [13] چۈنكى
ھەممە پەيغەمبەرلەر ۋە تەۋرات يۇھانناغىچە پەيغەمبەرلىك قىلدى. [14] ئەگەر قوبۇل قىلغىلى
خالىساڭلار، كېلىدىغان ئىلياس ئۇدۇر. [15] قۇلىقى بارلار ئاڭلىسۇن.
[16] لېكىن بۇ نەسىلنى نېمىگە ئوخشىتاي؟ بازارلاردا ئولتۇرۇپ، باشقا باللارغا قىچقىرىپ: [17] ‹
سىلەرگە نەي چالدۇق، ئەمما ئۇسسۇلغا چۈشمىدىڭلار. سىلەرگە مەرسىيە ئوقۇدۇق، ئەمما
يىغلىمىدىڭلار› دەپ ئېيتىدىغان باللارغا ئوخشايدۇ.
[18] چۈنكى يۇھاننا كەلدى. ئۇ يېمەس ۋە ئىچمەس ئىدى ۋە ئۇلار: ‹ ئۇنىڭدا يامان روھ بار›
دەيدۇ. [19] ئىبن ئال-ئىنسان كەلدى. ئۇ يەپ-ئىچىدۇ ۋە ئۇلار: ‹ مانا قانداق يېگۈچى ۋە
شاراب ئىچكۈچى بىر ئادەم، باجگىر بىلەن گۇناھكارلارنىڭ دوستى› دەيدۇ. لېكىن ھېكمەت ئۆز
باللىرىدىن تەستىقلانغان بولىدۇ».

## تۇۋا قىلمىغان شەھەرلەر

[20] ئاندىن كېيىن ئۆز قۇدرەتلىك ئەمەللىرىنىڭ تولىسى قىلىنغان شەھەرلەرنى ئۇلار تۇۋا
قىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇ ئەيىبلىگىلى باشلىدى: [21] «ۋاي ساڭا، ئەي قورازىن! ۋاي ساڭا، ئەي
بەيتسايدا! ئەگەر سىلەردە قىلىنغان قۇدرەتلىك ئەمەللەر تىر ۋە سىدوندا قىلىنغان بولسا
ئىدى، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى جۇلدا ۋە كۈلدە تۇۋا قىلاتتى. [22] لېكىن سىلەرگە ئېيتىمەن:
ھۆكۈم كۈنىدە تىر ۋە سىدونغا بولىدىغان ھالەت سىلەرنىڭكىدىن يېنىكرەك بولىدۇ. [23] ۋە
سەن، ئەي كاپەرناھۇم، ئاسمانغىچە كۆتۈرۈلەمسەن؟ مانا دوزاخقىچە چۈشۈرۈلىسەن، چۈنكى
سەندە قىلىنغان قۇدرەتلىك ئەمەللەر سودومدا قىلىنغان بولسا ئىدى، بۇ كۈنگىچە قالاتتى.
[24] لېكىن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ھۆكۈم كۈنىدە سودوم يۇرتىغا بولىدىغان ھالەت سېنىڭكىدىن
يېنىكرەك بولىدۇ».

## ساددىلار، ھارغانلار ۋە ئېغىر يۈكلۈكلەر

[25] ئۇ ۋاقىت ئەيسا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئەي ئاتا، ئاسمان ۋە يەرنىڭ خۇداۋەندىسى، بۇنى دانا
بىلەن ئاقىللاردىن پىنھان قىلىپ، ساددىلارغا ئاشكارا قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمد ئېيتىمەن.
[26] دەرۋەقە، ئەي ئاتا، ساڭا شۇنداق خۇش كۆرۈندى. [27] ھەرنېمە ئاتامدىن ماڭا بېرىلگەن ۋە
ئاتىدىن باشقا ھېچكىم ئوغۇلنى تونۇمايدۇ ۋە ئوغۇلدىن ۋە ئوغۇل ئۆزى ئۇنىڭغا ئاشكارا
قىلغىلى خالىغاندىن باشقا ھېچكىم ئاتىنى تونۇمايدۇ. [28] ماڭا كېلىڭلار، ئەي ھەممە ھارغانلار
ۋە ئېغىر يۈكلۈكلەر، ۋە مەن سىلەرگە ئارام بېرىمەن.

29 مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىڭلار ۋە مەندىن ئۆگىنىڭلار، چۈنكى مېھرىبان ۋە
كەمتەر كۆڭۈللۈكتۇرمەن ۋە جانلىرىڭلارغا ئارام تاپىسىلەر. 30 چۈنكى مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇم
ئاسان ۋە يۈكۈم يېنىكتۇر».

## ئەيسا مەسىھ شاباتنىڭ خوجىسىدۇر

12 1 ئۇ ۋاقىت ئەيسا بىر شابات كۈنىدە زىرائەتلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
شاگىرتلىرى ئاچ قېلىپ، زىرائەت باشلىرىدىن ئۈزۈپ يېگىلى تۇردى. 2 ئەمما پەرىسىيلەر
بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مانا شاگىرتلىرىڭ شابات كۈنىدە قىلىشقا جايىز ئەمەس ئىشنى
قىلىۋاتىدۇ». 3 لېكىن ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «داۋۇت ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغانلار ئاچ قالغىنىدا
نېمە قىلغىنىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ 4 قانداقكى، ئۇ خۇدانىڭ بەيتىگە كىرىپ، كاھىنلاردىن
باشقىسىغا، نە ئۆزىگە، نە ئۆزى بىلەن بولغانلارغا يېگىلى جايىز بولمىغان تەقدىم نانلارنى يېدى.
5 ياكى كاھىنلارنىڭ شابات كۈنلىرىدە بەيت-مۇقەددەستە شاباتنى بۇزۇپ گۇناھسىز قالغىنىنى
تەۋراتتا ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ 6 لېكىن سىلەرگە ئېيتىمەن: بەيت-مۇقەددەستىن ئۇلۇغراقى مۇندادۇر.
7 ‹ قۇربان ئەمەس، بەلكى رەھىمدىللىكنى خالايمەن› دېگەنىنىڭ مەنىسىنى بىلسەڭلار ئىدى،
گۇناھسىزلارنى ھۆكۈم قىلمايتتىڭلار. 8 چۈنكى ئىبنى ئال-ئىنسان شاباتنىڭ خوجىسىدۇر».

## ئەيسا مەسىھ شابات كۈنىدە بىر ئادەم ساقايتىدۇ

9 ئاندىن ئۇ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىناگوگىغا كىردى. 10 ۋە مانا، ئاندا قولى قۇرۇغان بىر ئادەم
بار ئىدى. ئۇلار ئەيسانىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سوراپ ئېيتتى: «شابات
كۈنىدە ساقايتماق جايىزمۇ؟» 11 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاراڭلاردا قايسى ئادەمنىڭ بىر قويى
بولسا شۇ ئۆزى شابات كۈنىدە بىر ئورىغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالمامدۇ؟
12 ئادەم ئۆزى قويدىن قانچە ئەۋزەلدۇر! مانا شابات كۈنىدە ياخشىلىق قىلماق جايىزدۇر».
13 ئاندىن كېيىن ئۇ شۇ ئادەمگە ئېيتتى: «قولۇڭنى ئۇزاتقىن». ئۇ قولىنى ئۇزاتتى ۋە ئۇ يەنە
بىرىدەك ساق بولدى. 14 ئۇ ۋاقىت پەرىسىيلەر چىقىپ: «ئۇنى قانداق يوقىتىمىز» دەپ ئۇنىڭ
ئۈستىدىن مەسلىھەت قىلىشتى.

## ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئىلغىغان بەندىسى

15 لېكىن ئەيسا بۇنى بىلىپ، ئۇ يەردىن كەتتى ۋە تولا خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئۇلارنىڭ
ھەممىسىنى ساقايتىپ: 16 «مېنى ئاشكارا قىلماڭلار» دەپ ئۇلارغا چىڭ ئەمر قىلدى. 17 بۇنىڭ
بىلەن يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلدى، يەنى:

18 «مانا مەن ئىلغىغان بەندەم،
يەنى ئۇنىڭ بىلەن جېنىمنىڭ خۇش-رىزايى بار سۆيۈنگىنىم!
ئۆز روھۇمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىمەن ۋە ھۆكۈمنى تائىپىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ.

19 ئۇ تالاشمايدۇ ياكى تۇۋلىمايدۇ، كوچىلاردىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ.

20 ئۇ ھۆكۈمنى نۇسرەتكە كەلتۈرمىگۈچە ئېزىلگەن قومۇشنى سۇندۇرمايدۇ ۋە تۈتەپ تۇرغان
پىلىكنى ئۆچۈرمەيدۇ.

21 تائىپىلەر ئۇنىڭ ئىسمىغا ئۈمىد باغلايدۇ».

## ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس روھ توغرىسىدا سۆزلەيدۇ

22 ئۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇلار كور ۋە گاس-گاچا بولغان بىر جىن چاپلاشقان كىشىنى
كەلتۈردى. ئۇ ئۇنى ساقايتتى، شۇنداقكى، گاس-گاچا گەپ قىلىپ كۆردى. 23 خەلقنىڭ ھەممىسى
ئەجەبلىنىپ: «ئىبن-داۋۇد شۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. 24 لېكىن پەرىسىيلەر بۇنى ئاڭلاپ:
«ئۇ پەقەت يامان روھلارنىڭ چوڭى بەئەلزىبۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن يامان روھلارنى چىقىرىدۇ»
دەپ ئېيتتى. 25 ئەمما ئەيسا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى بىلىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۆز-ئۆزىگە قارشى
بۆلۈنگەن ھەر پادىشاھلىق خاراب بولىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە قارشى بۆلۈنگەن ھېچ شەھەر ياكى
ئۆي تۇرۇپ قالمايدۇ. 26 ئەگەر شەيتان شەيتاننى چىقارسا، ئۆز-ئۆزىگە قارشى بۆلۈنگەن بولىدۇ.
ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىق قانداق تۇرۇپ قالىدۇ؟ 27 ئەگەر مەن يامان روھلارنى
بەئەلزىبۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن چىقارسام، سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلار كىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن
ئۇلارنى چىقىرىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ھاكىملىرىڭلار ئۇلار بولىدۇ. 28 لېكىن ئەگەر مەن
يامان روھلارنى خۇدانىڭ روھىنىڭ ۋاستىسى بىلەن چىقارسام، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەرگە
كەلگەن بولىدۇ. 29 بىركىم، ئۇ كۈچلۈكنى باغلىمىسا، قانداق ئۇ كۈچلۈكنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
مال-جابدۇقلىرىنى بۇلىيالايدۇ؟ بەلكى باغلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىنى تالىيالايدۇ. 30 كىمكى
مەن بىلەن بولمىسا، ماڭا قارشىدۇر ۋە كىمكى مەن بىلەن يىغمىسا، پاراكەندە قىلىدۇ. 31 ئۇنىڭ
ئۈچۈن سىلەرگە ئېيتىمەن: ئادەملەرنىڭ ھەر گۇناھى ۋە كۇپۇرلۇقى كەچۈرۈلىدۇ، لېكىن روھقا
قارشى ئېيتقان كۇپۇرلۇق كەچۈرۈلمەيدۇ. 32 بىركىم ئىبن ئال-ئىنسانغا قارشى بىر سۆز ئېيتسا،
ئۇ كەچۈرۈلىدۇ. لېكىن كىمكى مۇقەددەس روھقا قارشى سۆز قىلسا، ئۇ نە بۇ ئالەمدە ۋە نە
كېلىدىغان ئالەمدە كەچۈرۈلمەيدۇ.

## ياخشى ۋە يامان دەرەخ

[33] دەرەخنى ياخشى دەپ بىلساڭلار، مېۋىسىنى ھەم ياخشى دەپ بىلىڭلار ياكى دەرەخنى يامان
دەپ بىلساڭلار، مېۋىسىنى ھەم يامان دەپ بىلىڭلار، چۈنكى دەرەخ ئۆز مېۋىسىدىن بىلىنىدۇ. [34] ئەي
زەھەرلىك يىلانزادىلىرى، سىلەر يامان بولۇپ تۇرۇپ، قانداق ياخشى سۆزلىيەلەيسىلەر؟ چۈنكى
كۆڭۈل نېمىگە تولغان بولسا، ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ. [35] ياخشى ئادەم ياخشى خەزىنىسىدىن
ياخشى نەرسىلەر چىقىرىدۇ ۋە يامان ئادەم يامان خەزىنىسىدىن يامان نەرسىلەر چىقىرىدۇ. [36] لېكىن
سىلەرگە ئېيتىمەن: ئادەملەر ئېيتقان ھەر بىھۇدە سۆز ئۈچۈن ھۆكۈمدە ھېساب بېرىدۇ. [37] چۈنكى
ئۆز سۆزلىرىڭدىن ئادىل قىلىنىسەن ۋە ئۆز سۆزلىرىڭدىن ھۆكۈم قىلىنىسەن».

## يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ ئالامىتى

[38] ئۇ ۋاقىت كاتىپلارنىڭ ۋە پەرىسىيلەرنىڭ بىرنەچچىسى جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئەي
ئۇستاز، سەندىن بىر ئالامەت كۆرگىلى خالايمىز» دەپ ئېيتتى. [39] ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا
ئېيتتى: «يامان ۋە بۇزۇق بىر نەسىل ئالامەت ئىزدەيدۇ. لېكىن ئۇلارغا يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ
ئالامىتىدىن باشقا ھېچبىر ئالامەت بېرىلمەيدۇ. [40] چۈنكى يۇنۇس ئۈچ كۈن ۋە ئۈچ كېچە چوڭ
بېلىقنىڭ قورسىقىدا قالغاندەك ئىبن ئال-ئىنسان ئۈچ كۈن ۋە ئۈچ كېچە يەرنىڭ باغرىدا
قالىدۇ. [41] نىنەۋەنىڭ كىشىلىرى ھۆكۈم كۈنىدە بۇ نەسىل بىلەن قوپۇپ، ئۇلارنى ھۆكۈم
قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار يۇنۇسنىڭ ۋەزىنى ئاڭلاپ توۋۋا قىلدى. ۋە مانا يۇنۇستىن ئۇلۇغراقى
مۇندادۇر. [42] جەنۇب مەلىكىسى ھۆكۈم كۈنىدە بۇ نەسىل بىلەن قوپۇپ، ئۇلارنى ھۆكۈم
قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى سۇلايماننىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلىغىلى يەرنىڭ چەتلىرىدىن كەلدى ۋە
مانا سۇلايماندىن ئۇلۇغراقى مۇندادۇر.

## ناپاك روھنىڭ قايتىپ كېلىشى

[43] ناپاك روھ ئادەمدىن چىققاندا سۇيى يوق يەرلەردە يۈرۈپ، راھەت ئىزدەپ تاپمايدۇ. [44] ئۇ ۋاقىت:
‹ ئۆزۈم چىققان ئۆيۈمگە ياناي› دەپ بېرىپ، ئۇنى خالىي ۋە سۈپۈرۈلگەن ۋە زىننەتلەندۈرۈلگەن
تاپىدۇ. [45] ئاندىن ئۇ بېرىپ، ئۆزىدىن يامانراق يەنە يەتتە روھنى ئېلىپ كىرىپ، ئاندا قالىدۇ ۋە
ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋۋىلىدىن ئاخىرى يامانراق بولىدۇ. شۇ يامان نەسىلگە ھەم شۇنداق بولىدۇ».

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى

[46] خەلققە سۆز قىلىپ تۇرغىنىدا، مانا، ئانىسى ۋە بۇرادەرلىرى تاشقىرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلەشكىلى ئىزدىدى. [47] بىركىم ئېيتتى: «مانا، ئاناڭ ۋە بۇرادەرلىرىڭ تاشقىرىدا

تۇرۇپ، سەن بىلەن سۆزلەشكىلى ئىزدەيدۇ». [48] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۆزىگە خەۋەر بەرگەن
كىشىگە: «ئانام كىمدۇر ۋە بۇرادەرلىرىم كىمدۇر؟» دەپ ئېيتتى. [49] قولىنى شاگىرتلىرىنىڭ
تەرىپىگە ئۇزىتىپ ئېيتتى: «مانا ئانام ۋە بۇرادەرلىرىم! [50] چۈنكى ھەركىم ئاسمانلاردىكى
ئاتامنىڭ ئىرادىسىنى قىلسا، مېنىڭ بۇرادىرىم ۋە ھەمشىرەم ۋە ئانام ئۇدۇر».

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىل

13 [1] ئۇ كۈندە ئەيسا ئۆيدىن چىقىپ، دېڭىزنىڭ بويىدا ئولتۇردى. [2] تولا خەلق ئۇنىڭ
ئالدىغا يىغىلغاچ ئۆزى بىر كېمىگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە ھەممە خەلق كاناردا
تۇرۇشتى. [3] ئۇ ئۇلارغا تەمسىللەر بىلەن تولا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «مانا ئۇرۇق چاچقۇچى
ئۇرۇق چاچقىلى چىقتى. [4] چاچقىنىدا بەزىسى يولنىڭ يېنىغا چۈشتى ۋە ئۇچارقاناتلار كېلىپ
ئۇنى يېدى. [5] ئەمما بەزىسى توپىسى جىق بولمىغان تاشلىق يەرگە چۈشتى ۋە توپىسى قېلىن
بولمىغاچ پات ئۈنۈپ چىقىپ، [6] ئاپتاپ چىققىنىدا كۆيۈپ كېتىپ، يىلتىزى بولمىغىنى ئۈچۈن
قۇرۇپ قالدى. [7] ئەمما بەزىسى تىكەنلەر ئارىسىغا چۈشتى ۋە تىكەنلەر ئۆسۈپ ئۇلارنى بوغدى.
[8] لېكىن بەزىسى ياخشى يەرگە چۈشۈپ، بىرى يۈز، يەنە بىرى ئاتمىش ۋە يەنە بىرى ئوتتۇز
ھەسسە ھوسۇل بەردى. [9] قۇلىقى بارلار ئاڭلىسۇن».

## تەمسىللەرنىڭ مەقسىتى

[10] شاگىرتلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا ئۇلارغا تەمسىللەر بىلەن سۆز قىلىسەن؟»
[11] ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش سىلەرگە
بېرىلگەن. لېكىن ئۇلارغا بېرىلمىگەن. [12] چۈنكى كىمنىڭكى بار بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ
ۋە زىيادە بولغۇدەك بېرىلىدۇ. لېكىن كىمنىڭكى يوق بولسا، بارى ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ.
[13] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تەمسىللەر بىلەن سۆز قىلىمەن، چۈنكى ئۇلار كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەيدۇ،
ئىشىتىپ تۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ ۋە ھېچنېمە ئۇقمايدۇ. [14] ئۇلاردا يەشايانىڭ پەيغەمبەرلىكى بەجا
كەلتۈرۈلدى يەنى ‹ ئاڭلىماقلىق بىلەن ئاڭلايسىلەر، ئەمما ھېچ ئۇقمايسىلەر ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ
كۆرىسىلەر، ئەمما ھېچ سىڭدۈرۈۋالمايسىلەر. [15] چۈنكى بۇ قوۋمنىڭ كۆڭلى قېلىن بولدى ۋە
قۇلاقلىرى ئېغىر ئاڭلايدۇ ۋە ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمغان. شۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇلار كۆزلىرى
بىلەن كۆرۈپ، قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى بىلەن چۈشىنىپ، يېنىپ مەندىن شىپا
تاپاتتى›. [16] لېكىن سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار مۇبارەكتۇر، چۈنكى كۆرىدۇ ۋە قۇلاقلىرىڭلار
مۇبارەكتۇر، چۈنكى ئاڭلايدۇ. [17] بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەنكى، تولا پەيغەمبەرلەر ۋە ئادىللار
كۆرگىنىڭلارنى كۆرگىلى خالىدى، ئەمما كۆرمىدى ۋە ئاڭلىغىنىڭلارنى ئاڭلىغىلى خالىدى،
ئەمما ئاڭلىمىدى.

## ئۇرۇق چاچقۇچى توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

18 لېكىن ئۇرۇق چاچقۇچىنىڭ تەمسىلىنى ئاڭلاڭلار. 19 قاچانكى بىرى پادىشاھلىقنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇقمىسا، يامان بولغۇچى كېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە چېچىلغاننى ئېلىپ كېتىدۇ.
يولنىڭ يېنىدا چېچىلغىنى شۇدۇر. 20 تاشلىق يەرلەرگە چېچىلغىنى بولسا شۇنداقكى،
سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. 21 ئەمما ئۆزىدە يىلتىزى بولمىغاچ بىر
ۋاقىتقىچە قېلىپ، سۆزنىڭ جەھىتىدىن بىر تەڭلىك ياكى قوغلىنىش ۋەقە بولسا دەرھال
تايىدۇ. 22 تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا چېچىلغىنى بولسا شۇنداقكى، سۆزنى ئاڭلايدۇ ئەمما بۇ
دۇنيانىڭ ئەندىشىسى ۋە دۆلەتنىڭ غۇرۇرى سۆزنى بوغىدۇ ۋە ھوسۇلسىز بولىدۇ. 23 لېكىن
ياخشى يەرگە چېچىلغىنى بولسا شۇنداقكى، سۆزنى ئاڭلاپ ئۇقۇپ، ھوسۇل بېرىدۇ ۋە بىرى
يۈز، يەنە بىرى ئاتمىش ۋە يەنە بىرى ئوتتۇز ھەسسە ھوسۇل بېرىدۇ».

## بۇغداي ئارىسىغا چېچىلغان ئوت ئۇرۇقى توغرىسىدىكى تەمسىل

24 ئۇلارغا باشقا بىر تەمسىل كەلتۈرۈپ ئېيتتى: «ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۆز ئېكىن يېرىگە
ياخشى ئۇرۇق چاچقان بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. 25 ئەمما خەلق ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ دۈشمىنى
كېلىپ، بۇغداي ئارىسىغا ئوت ئۇرۇقى چېچىپ قويۇپ كەتتى. 26 زىرائەت كۆكلەپ باش
چىقارغاندا ئوت ھەم كۆرۈندى. 27 ئۆي ئىگىسىنىڭ قۇللىرى كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئەي
خوجا ئېكىن يېرىڭگە ياخشى ئۇرۇق چاچقان ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ ئوت نەدىن چىقىپ كەلدى؟›
28 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: ‹ بىر دۈشمەن كىشى بۇنى قىلغان›. قۇللار ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ بېرىپ،
ئۇنى ئوتىشىمىزنى خالامسەن؟› 29 لېكىن ئۇ ئېيتتى: ‹ ياق، ئوتنى يىغقاندا ئۇنىڭ بىلەن
بۇغداينى ھەم يۇلۇۋشۇڭلار مۇمكىن. 30 ئىككىلىسىنى ئورمىغىچە بىرگە ئۆسكىلى قويۇڭلار.
ئورما ۋاقتىدا ئورمىچىلارغا ئېيتاي: ‹ ئاۋۋال ئوتنى يىغىپ، كۆيدۈرمەك ئۈچۈن باغ قىلىپ
باغلاڭلار. ئەمما بۇغداينى ساڭمغا يىغىڭلار››».

## قىچا ئۇرۇقى ۋە خېمىرتۇرۇچ توغرىسىدىكى تەمسىل

31 ئۇلارغا يەنە تەمسىل كەلتۈرۈپ ئېيتتى: «ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى بىر ئادەم ئۆز ئېكىن
يېرىگە تېرىپ سالغان بىر قىچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. 32 ئۇ ھەممە ئۇرۇقلارنىڭ كىچىكرەكى
بولغىنى بىلەن ئۆسكەندە ئوتياشلارنىڭ چوڭراقى بولۇپ، ئاسمان ئۇچارقاناتلىرى كېلىپ،
ئۇنىڭ شاخلىرىغا قونالغۇدەك بىر دەرەخ بولىدۇ». 33 ئۇلارغا يەنە بىر تەمسىل ئېيتتى:
«ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى بىر خېمىرتۇرۇچقا ئوخشايدۇكى، بىر خوتۇن ئۇنى ئېلىپ، پۈتۈن
خېمىرنى بولدۇرغۇچە ئۈچ قاچا ئۇنغا ئىلەشتۇرۇپ قويدى». 34 بۇنىڭ ھەممىسىنى ئەيسا خەلققە
تەمسىللەر بىلەن بايان قىلدى ۋە تەمسىل كەلتۈرمەي ئۇلارغا ھېچ سۆز قىلمىدى. 35 بۇنىڭ

بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلدى، يەنى «تەمسىللەرگە
ئاغزىمنى ئېچىپ، دۇنيا بىنا قىلىنغىنىدىن بېرى پىنھان بولغان نەرسىلەرنى بايان قىلىمەن».

## قىچا ئۈرۈقى ۋە خېمىرتۇرۇچ توغرىسىدىكى تەمسىلنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

36 ئاندىن كېيىن ئۇ خەلقنىياندۇرۇپ، ئۆيگە باردى. شاگىرتلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى:
«ئېكىن يېرىدىكى ئوتنىڭ تەمسىلىنى بىزگە ئۇقتۇرغىن». 37 ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:
«ياخشى ئۇرۇقنى چاچقۇچى ئىبن ئال-ئىنساندۇر. 38 ئېكىن يېرى دۇنيادۇر. ياخشى ئۇرۇق
پادىشاھلىقنىڭ بالىلىرىدۇر، ئەمما ئوت يامان بولغۇچىنىڭ بالىلىرىدۇر. 39 ئۇنى چېچىپ
قويغان دۈشمەن ئىبلىستۇر. ئورما ۋاقتى دۇنيانىڭ ئاخىرىدۇر. ئورمىچىلار پەرىشتىلەردۇر.
40 ئوت يىغىلىپ ئوتتا ئۆرتەلگىنىدەك بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرىدا شۇنداق بولىدۇ. 41 ئىبن ئال-
ئىنسان ئۆز پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇلار ئۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن ھەممە تايدۇرغۇچىلارنى
ۋە يامانلىق قىلغۇچىلارنى يىغىپ، 42 ئوت تونۇرىغا تاشلايدۇ. ئاندا يىغا ۋە چىش غۇچۇرلىتىش
بولىدۇ. 43 ئۇ ۋاقىت ئادىللار ئۆز ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىدا ئاپتاپتەك يورۇيدۇ. قۇلىقى بارلار
ئاڭلىسۇن.

## ئېكىن يېرىدىكى خەزىنە ۋە قىممەتلىك مەرۋايىت توغرىسىدىكى تەمسىل

44 ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئېكىن يېرىدە پىنھان قىلىنغان بىر خەزىنىگە ئوخشايدۇكى،
بىر ئادەم ئۇنى تېپىپ يوشۇرۇپ، خۇشلۇقىدىن بېرىپ، ھەر نەرسىسىنى سېتىپ شۇ ئېكىن
يېرىنى ئالىدۇ. 45 ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى يەنە چىرايلىق مەرۋايىت ئىزدەيدىغان بىر
سودىگەر ئادەمگە ئوخشايدۇ. 46 ئۇ بىر تولا قىممەت باھالىق مەرۋايىتنى تاپقاندا بېرىپ، ھەر
نەرسىسىنى سېتىپ ئۇنى ئالدى.

## بېلىق يىغقان تور توغرىسىدىكى تەمسىل

47 ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى يەنە دېڭىزغا سالىنىپ، ھەر خىل بېلىقتىن يىغقان بىر تورغا
ئوخشايدۇ. 48 تولغاندا ئادەملەر ئۇنى كانارغا چىقىرىپ ئولتۇرۇپ، ياخشىلىرىنى قاچىلارغا
يىغدى، لېكىن يارىماسلىرىنى تاشلىۋەتتى. 49 دۇنيانىڭ ئاخىرىدا شۇنداق بولىدۇ. پەرىشتىلەر
چىقىپ، يامانلارنى ياخشىلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ، 50 ئوت تونۇرىغا تاشلايدۇ. ئاندا يىغا ۋە
چىش غۇچۇرلىتىش بولىدۇ. 51 بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟» ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى:

«ئۇقتۇق». 52 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «بۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا شاگىرت
قىلىنغان ھەر كاتىپ ئۆز خەزىنىسىدىن يېڭى ۋە كونا نەرسىلەر چىقىرىدىغان بىر ئۆي
ئىگىسىگە ئوخشايدۇ».

## پەيغەمبەر ئۆز يۇرتى ۋە ئۆيىدە ھۆرمەتلەنمەيدۇ

53 ۋەقە بولدىكى، ئەيسا بۇ تەمسىللەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن چىقىپ
كەتتى. 54 ئۇ ئۆز يۇرتىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سىناگوگىدا تەلىم بەردى. شۇنداقكى، ئۇلار
ھەيران قېلىپ ئېيتتى: «بۇ ھېكمەت ۋە بۇ قۇۋۋەتلەر مۇنىڭغا نە يەردىندۇر؟ 55 بۇ ئۆزى
ياغاچچىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ئانىسى مەريەم ۋە بۇرادەرلىرى ياقۇب ۋە يۇسۇپ ۋە سىمون ۋە
يەھۇدا دەپ ئاتالمامدۇ؟ 56 ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەمەسمۇ؟
شۇنىڭ ھەممىسى مۇنىڭغا نە يەردىندۇر؟» 57 ئۇلار ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ كەتتى. ئەمما ئەيسا
ئۇلارغا ئېيتتى: «بىر پەيغەمبەر پەقەت ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز ئۆيىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولمايدۇ».
58 ئۇلارنىڭ ئېتىقادسىزلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاندا تولا قۇدرەتلىك ئەمەللەر قىلمىدى.

## چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

14 1 ئۇ ۋاقىت ھاكىم ھىرودەس ئەيسانىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، 2 ئۆز غۇلاملىرىغا
ئېيتتى: «بۇ ئۆزى چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھانناندۇر. ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرۇلۇپتۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق قۇۋۋەتلەر ئۇنىڭدا ئىشلەپ ئەمەلگە كېلىدۇ». 3 چۈنكى ھىرودەس
ئۆز بۇرادىرى فىلىپپۇسنىڭ خوتۇنى ھىرودىيەسىنىڭ جەھىتىدىن يۇھاننانى تۇتۇپ باغلاپ،
زىندانغا سالدۇرغانىدى. 4 چۈنكى يۇھاننا ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئۆزۈڭگە ئېلىشىڭ جايىز ئەمەس»
دەپ ئېيتقانىدى. 5 ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى خالىدى، لېكىن خەلقتىن قورقتى، چۈنكى ئۇلار
ئۇنى پەيغەمبەر دەپ بىلەتتى. 6 لېكىن ھىرودەسنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا ھىرودىيەسىنىڭ
قىزى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ھىرودەسنى ئۇنداق خۇش قىلدىكى، 7 ئۇ ئۇنىڭغا:
«ھەرنېمە تىلىسەڭ، ساڭا بېرەي» دەپ قەسەم بىلەن ۋەدە قىلدى. 8 ئۇ ئانىسىدىن ئۆگەنگىنىدەك:
«چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننانىڭ بېشىنى بىر تەخسىدە بۇ يەرگە ماڭا ئېلىپ بەرگىن» دەپ ئېيتتى.
9 پادىشاھ غەمكىن بولدى. لېكىن قەسەملىرى ئۈچۈن ۋە ئۆزى بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغانلار
ئۈچۈن: «بېرىلسۇن» دەپ ئەمىر قىلدى 10 ۋە كىشى ئەۋەتىپ، زىنداندا يۇھاننانىڭ بېشىنى
كەستۇردى. 11 ئۇنىڭ بېشى بىر تەخسىگە قويۇلۇپ، قىزغا بېرىلدى ۋە ئۇ ئۇنى ئانىسىغا ئېلىپ
باردى. 12 ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئېلىپ دەپنە قىلىپ، ئاندىن بېرىپ
ئەيساغا خەۋەر بەردى.

## ئەيسا مەسىھ بەش مىڭ كىشىنى تويدۇردۇ

13 ئەمما ئەيسا بۇنى ئاڭلىغاندا ئۇ يەردىن بىر كېمە بىلەن تەنھا بىر خالىي يەرگە باردى. ھەلق
بۇنى ئاڭلاپ، شەھەرلەردىن پىيادە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. 14 ئۇ چىقىپ، تولا خەلقنى كۆرۈپ
ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، كېسەللىرىنى ساقايتتى. 15 ئاخشام بولغاندا شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، ئېيتتى: «بۇ يەر چۆلدۇر ۋە ۋاقىت ئۆتتى. خەلقنى ياندۇرغىن. ئۇلار كەنتلەرگە بېرىپ،
ئۆزىگە تائام سېتىۋالسۇن». 16 ئەمما ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ كېتىشى لازىم ئەمەس،
ئۆزۈڭلار ئۇلارغا يېگىلى تائام بېرىڭلار». 17 ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مۇندا ئۆزىمىزدە بەش نان
بىلەن ئىككى بېلىقتىن باشقا نەرسىمىز يوقتۇر». 18 ئەمما ئۇ ئېيتتى: «بۇلارنى ماڭا ئېلىپ
كېلىڭلار». 19 ئۇ خەلققە يەر ئۈستىدە ئولتۇرغىلى بۇيرۇپ، بەش نان بىلەن ئىككى بېلىقنى
ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ دۇئا ئوقۇپ، نانلارنى ئوشتۇپ شاگىرتلىرىغا بەردى ۋە شاگىرتلار
خەلققە بەردى. 20 ھەممىسى يەپ تويدى. ئۇلار ئاشقان پارچىلارنى يىغىپ، ئون ئىككى سېۋەت
تولدۇرۇۋالدى. 21 يېگەنلەر خوتۇن بىلەن باللاردىن باشقا بەش مىڭچە كىشى ئىدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ سۇ ئۈستىدە مېڭىشى

22 ئەيسا خەلقنى ياندۇرغۇچە شاگىرتلىرىنى كېمىگە كىرىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرى كارشى تەرەپكە
ئۆتكىلى زورلىدى. 23 خەلقنى ياندۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى دۇئا قىلغىلى تاغقا تەنھا چىقتى
ۋە ئاخشام بولغاندا ئاندا يالغۇز ئىدى. 24 ئەمما بۇ چاغدا شامال زىت بولغاچ دېڭىزنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كېمە دولقۇنلار ئىچىدە چايقىۋاتاتتى. 25 كېچىنىڭ تۆتىنچى ھەسسىسىدە
ئەيسا دېڭىزنىڭ يۈزىدە مېڭىپ، ئۇلارنىڭ تەرىپىگە كەلىۋاتاتتى. 26 شاگىرتلىرى ئۇنىڭ
دېڭىزنىڭ يۈزىدە ماڭغىنىنى كۆرۈپ بىئارام بولۇپ: «ئالۋاستى ئىكەن!» دەپ قورقۇنچتىن
قىچقاردى. 27 ئەمما ئەيسا دەرھال ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ مەن،
قورقماڭلار» دەپ ئېيتتى. 28 پېترۇس جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە،
سەن بولساڭ: ‹ ماڭا سۇنىڭ يۈزىدە مېڭىپ، ئالدىمغا كەلگىن› دەپ بۇيرۇغىن». 29 ئۇ:
«كەلگىن» دەپ ئېيتتى. پېترۇس كېمىدىن چۈشۈپ، سۇ يۈزىدە مېڭىپ ئەيسانىڭ ئالدىغا
كەلدى. 30 لېكىن شامالنىڭ شىددەتلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ، چۆككىلى تۇرغىنىدا: «ئەي
خۇداۋەندە، مېنى قۇتقۇزغىن!» دەپ قىچقاردى. 31 ئەيسا دەرھال قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى
تۇتۇپ: «ئەي كەم ئېتىقادلىق، نېمىشقا شەك كەلتۈردىڭ؟» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. 32 ئۇلار
كېمىگە كىرگەندە شامال توختىدى. 33 كېمىدىكىلەر كېلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ:
«ھەقىقەتەن ئىبنى ئاللادۇرسەن» دەپ ئېيتتى.

## ئەيسا مەسىھ تولا كېسەللەرنى ساقايتىدۇ

[34] ئۇلار ئۆتۈپ، گەننەسارەت يۇرتىغا كەلدى. [35] ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تونۇپ، ئۇ يۇرتنىڭ بارچە
ئەتراپىغا خەۋەر ئەۋەتىپ، ھەممە كېسەللەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ: [36] «يالغۇز لىباسىڭنىڭ
ئېتىكىگە قول تەگكۈزگەي» دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. تەگكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساقايدى.

## ئادەمنى نېمە ناپاك قىلىدۇ

15 [1] ئۇ ۋاقىت پەرىسىيلەر بىلەن كاتىپلار يېرۇسالېمدىن ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئېيتتى: [2] «نېمىشقا سېنىڭ شاگىرتلىرىڭ قەدىمكىلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق
قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار نان يېسە، قول يۇمايدۇ». [3] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى:
«سىلەر بولساڭلار، نېمىشقا ئۆز بۇيرۇقلىرىڭلار ئۈچۈن خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىسىلەر؟
[4] چۈنكى خۇدا ئەمر قىلىپ ئېيتقانكى: ئاتاڭغا ۋە ئاناڭغا ھۆرمەت قىلغىن. كىمكى ئاتىغا ياكى
ئانىغا دەشنەم بەرسە، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن. [5] لېكىن سىلەر: ‹ كىمكى ئۆز ئاتىسىغا
ياكى ئانىسىغا: «سەن مەندىن ئالىدىغان ياردەم ئۆزى قۇربان بولدى» دېسە، ئاتىسىغا ياكى
ئانىسىغا ھۆرمەت قىلمىسا بولىدۇ› دەپ ئېيتىسىلەر. [6] ئۆز بۇيرۇقلىرىڭلار بىلەن خۇدانىڭ
ئەمرىنى ئىناۋەتسىز قىلدىڭلار. [7] ئەي رىيا قىلغۇچىلار، يەشايا سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ياخشى
پەيغەمبەرلىك قىلىپ ئېيتتىكى: [8] ‹ بۇ قوۋم ماڭا ئاغزى بىلەن يېقىنلىشىپ، لەۋلىرى
بىلەن ماڭا ھۆرمەت قىلىدۇ، لېكىن كۆڭلى مەندىن يىراقتۇر. [9] ئەمما ئۆگىتىدىغان تەلىمى
ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقى بولغاچ، ئۇلار ماڭا بىھۇدە ئىبادەت قىلىدۇ›».
[10] ئۇ خەلقنى قىچقىرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاڭلاپ ئۇقۇڭلار. [11] ئېغىزغا كىرگەن نەرسە ئادەمنى
ناپاك قىلمايدۇ، بەلكى ئېغىزدىن چىققان نەرسە ئادەمنى ناپاك قىلىدۇ».
[12] ئۇ ۋاقىت شاگىرتلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بىلەمسەنكى، پەرىسىيلەر
بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا رەنجىدى؟» [13] ئەمما ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ساماۋى ئاتام سالمىغان
ھەر كۆچەت قومۇرۇلىدۇ. [14] ئۇلارنى قويۇڭلار. ئۇلار كورلارنىڭ كور يېتەكلىگۈچىسىدۇر. ئەگەر
كور كورنى يېتەكلىسە، ئىككىلىسى چوڭقۇرغا چۈشىدۇ».
[15] پېترۇس جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بۇ تەمسىلنى بىزگە ئۇقتۇرغىن». [16] ئەيسا ئېيتتى:
«سىلەر ھەم تېخى پەمسىزمۇ؟ [17] ئۇقمامسىلەركى، ئېغىزغا كىرگەن ھەر نەرسە قورساققا
بېرىپ، ئۆز يولى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. [18] لېكىن ئېغىزدىن چىققان نەرسە كۆڭۈلدىن
كېلىدۇ. شۇ ئۆزى ئادەمنى ناپاك قىلىدۇ. [19] چۈنكى يامان پىكىرلەر، قاتىللىق، زىنا، بۇزۇقلۇق،
ئوغرىلىق، يالغان گۇۋاھلىق ۋە كۇپۇرلۇق كۆڭۈلدىن چىقىدۇ. [20] ئادەمنى ناپاك قىلىدىغان
نەرسە شۇدۇر. لېكىن يۇمىغان قول بىلەن يېمەك ئادەمنى ناپاك قىلمايدۇ».

## قانا'انلىق خوتۇننىڭ ئېتىقادى

21 ئەيسا ئاندىن چىقىپ، تىر ۋە سىدون تەرەپلىرىگە باردى. 22 ۋە مانا قانائانلىق بىر خوتۇن شۇ
يەرلەردىن چىقىپ، قىچقىرىپ ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، ئىبن-داۋۇد، ماڭا رەھىم قىلغىن! قىزىم
قاتتىق جىن چاپلاشقان». 23 لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر سۆز جاۋاب بەرمىدى. شاگىرتلىرى ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئېيتتى: «ئۇنى ياندۇرغىن، چۇنكى كەينىمىزدىن قىچقىرىپ
تۇرىدۇ». 24 ئەمما ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «مەن پەقەت بەيت-ئىسرائىلنىڭ يىتكەن قويلىرىغا
ئەۋەتىلگەنمەن». 25 لېكىن ئۇ كېلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، ماڭا ياردەم
بەرگىن». 26 ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «بالىلارنىڭ نېنىنى ئېلىپ، ئىتلارغا بەرمەك ياخشى ئەمەس».
27 لېكىن ئۇ ئېيتتى: «توغرا، ئەي خۇداۋەندە، لېكىن ئىتلار ھەم ئۆز ئىگىلىرىنىڭ داستىخىنىدىن
چۇشكەن پارچىلىرىدىن يەيدۇ». 28 ئۇ ۋاقىت ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي خوتۇن
ئېتىقادىڭ چوڭدۇر. ساڭا خالىغىنىڭدەك بولسۇن». شۇ سائەتتىن تارتىپ قىزى ساقايدى.

## تولا كېسەللەرنىڭ شىپا تېپىشى

29 ئەيسا ئاندىن چىقىپ، گالىلىيە دېڭىزىنىڭ تەرىپىگە باردى. ئۇ بىر تاغقا چىقىپ، ئاندا
ئولتۇردى. 30 تولا خەلق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توكۇرلارنى، كورلارنى، گاس-گاچىلارنى،
چولاقلارنى ۋە باشقا تولا كىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئەيسانىڭ پۇتلىرى
ئالدىغا قويىدى ۋە ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. 31 شۇنداقكى، خەلق گاچىلارنىڭ گەپ قىلغىنىنى،
چولاقلارنىڭ ساق بولغىنىنى، توكۇرلارنىڭ ماڭغىنىنى ۋە كورلارنىڭ كۆرگىنىنى كۆرگەندە
ئەجەبلىنىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىگە ھەمد ئېيتتى.

## ئەيسا مەسىھ تۆت مىڭ كىشىنى تويدۇردۇ

32 ئەيسا شاگىرتلىرىنى ئۆز ئالدىغا قىچقىرىپ ئېيتتى: «خەلققە مېنىڭ رەھىمىم كېلىدۇ. چۇنكى
ئۇلار مەن بىلەن تۇرغىلى ئەمدى ئۇچ كۇن بولدى ۋە ئۇلارنىڭ يېگىلى ھېچ نەرسىسى يوقتۇر.
ئۇلار يولدا ئۇزۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنى ئاچ ياندۇرغىلى خالىمايمەن». 33 شاگىرتلىرى
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مۇنچە تولا خەلقنى تويدۇرغىلى چۆلدە شۇنچە تولا ناننى نە يەردىن تاپايلى؟»
34 ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «نەچچە نېنىڭلار بار؟» ئۇلار ئېيتىشتى: «يەتتە ۋە بىرنەچچە ئۇششاق
بېلىق بار». 35 ئۆزى خەلققە يەردە ئولتۇرغىلى بۇيرۇپ، 36 ئۇ يەتتە نان بىلەن بېلىقلارنى
ئېلىپ، شۇكۇر ئېيتىپ، ئۇلارنى ئوشتۇپ شاگىرتلارغا بەردى ۋە شاگىرتلار خەلققە بەردى.
37 ھەممىسى يەپ تويدى ۋە ئۇلار ئاشقان پارچىلارنى يىغىپ، يەتتە سېۋەت تولدۇرۇۋالدى.
38 يېگەنلەر خوتۇن بىلەن بالىلاردىن باشقا تۆت مىڭ كىشى ئىدى. 39 ئۇ خەلقنى ياندۇرۇپ،
كېمىگە كىرىپ، ماگدالانىڭ يەرلىرىگە باردى.

## پەرىسىيلەر ۋە سادۇقىيلار بىر ئالامەت تىلەيدۇ

16 [1] پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى سىناپ، ئاسماندىن بىر
ئالامەت كۆرسىتىشنى ئۇنىڭدىن تىلىدى. [2] ئەمما ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى:
«ئاخشام بولغاندا: ‹ هاۋا ئوچۇق بولىدۇ، چۈنكى ئاسمان قىزىلدۇر› دەيسىلەر. [3] ئەتىگەندە:
‹ بۈگۈن بوران بولىدۇ، چۈنكى ئاسمان قىزىل ۋە تۇتۇقتۇر› دەيسىلەر. ئاسمان يۈزىنى پەرق
ئېتىشنى بىلىسىلەر. لېكىن زامانلارنىڭ ئالامەتلىرىنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر. [4] يامان ۋە بۇزۇق
بىر نەسىل ئالامەت ئىزدەيدۇ، ئەمما يۇنۇسنىڭ ئالامىتىدىن باشقا ھېچبىر ئالامەت ئۇلارغا
بېرىلمەيدۇ» دەپ ئۇلارنى قويۇپ كەتتى.

## پەرىسىيلەر ۋە سادۇقىيلارنىڭ خېمىرتۇرۇچى

[5] شاگىرتلار ئۇ تەرەپكە يېتىپ بارغاندا نان ئېلىشنى ئۇنتۇغانىدى. [6] ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى:
«ئاگاھ بولۇپ، پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلارنىڭ خېمىرتۇرۇچىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار».
[7] ئۇلار ئۆز ئارىسىدا: «نان ئېلىشماي چىقتۇق» دەپ ئېيتىشتى. [8] ئەيسا بۇنى بىلىپ
ئېيتتى: «ئەي كەم ئېتىقادلىقلار، نېمىشقا ئۆز ئاراڭلاردا نان ئالماي چىققىنىڭلار ئۈچۈن
دېيىشىسىلەر. [9] تېخى ئۇقمايسىلەرمۇ ۋە ياد قىلمايسىلەرمۇ؟ بەش ناننى بەش مىڭ كىشىگە
بەرگەندە نەچچە سېۋەت يىغىۋالدىڭلار؟ [10] يەتتە ناننى تۆت مىڭ كىشىگە بەرگەندە نەچچە
سېۋەت يىغىۋالدىڭلار؟ [11] نان توغرىسىدىن سىلەرگە ئېيتمىغىنىمنى نېمىشقا ئۇقمايسىلەر؟
لېكىن پەرىسىيلەر بىلەن سادۇقىيلارنىڭ خېمىرتۇرۇچىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار». [12] ئاندا ئۇلار
ئۇنىڭ نان خېمىرتۇرۇچىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار دېگەن ئەمەس، بەلكى پەرىسىيلەر بىلەن
سادۇقىيلارنىڭ تەلىمى توغرىسىدىن سۆز قىلغىنىنى ئۇقتى.

## پېترۇسنىڭ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقى

[13] ئەيسا قەيسەرىيە فىلىپپى تەرەپلىرىگە كەلگەندە ئۆز شاگىرتلىرىدىن سوراپ ئېيتتى: «ئادەملەر
ئىبن ئال-ئىنساننى كىم دەيدۇ؟» [14] ئۇلار ئېيتتى: «بەزىسى ئۇ ئۆزى چۆمۈلدۈرگۈچى يۇھاننا،
بەزىسى ئېلىياس ۋە بەزىسى يەرەمىيا ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىدۇر دەيدۇ». [15] ئۇ ئۇلارغا
ئېيتتى: «ئەمما سىلەر مېنى كىم دەيسىلەر؟» [16] سىمون پېترۇس جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «سەن
مەسىھ، ئىبن ئاللا ئال-ھايات». [17] ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مۇبارەكتۇرسەن،
ئەي سىمون ئىبن-يۇنۇس، چۈنكى جىسىم ۋە قان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ئاسمانلاردىكى ئاتام
ساڭا بۇنى ئاشكارا قىلدى. [18] مەن ساڭا ئېيتىمەنكى، سەن پېترۇستۇرسەن ۋە بۇ قورام تاشنىڭ
ئۈستىگە جامائەتىمنى قۇرىمەن ۋە ئالەم دوزاخىنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا غالىب بولالمايدۇ.
[19] ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ساڭا بېرىمەن. ھەرنېمىنى يەردە باغلىساڭ،

ئاسمانلاردا باغلىنىدۇ ۋە ھەرنېمىنى يەردە يەشسەڭ، ئاسمانلاردا يېشىلىدۇ». [20] ئۇ ۋاقىت ئۇ
شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى بۇيرۇدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىشى

[21] ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئەيسا ئۆزىنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىپ، ئاقساقاللاردىن ۋە باش كاھىنلاردىن
ۋە كاتىپلاردىن تولا زەخمەت تارتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈچىنچى كۈندە تىرىلىپ قوپۇرۇلمىكى كېرەك
ئىكەنلىكىنى شاگىرتلىرىغا ئاشكارا قىلغىلى باشلىدى. [22] پېترۇس ئۇنى بىر تەرەپكە ئېلىپ
بېرىپ: «خۇدا سېنى ساقلىسۇن، ئەي خۇداۋەندە، ساڭا ھەرگىز مۇنداق بولمىسۇن» دەپ ئۇنى
ئەيىبلىگىلى تۇردى. [23] لېكىن ئۇ پېترۇسقا بۇرۇلۇپ ئېيتتى: «مەندىن كەتكىن، ئەي شەيتان.
ساڭا تايدۇرماقلىقتۇرسەن، چۈنكى خۇدانىڭكىنى كۆزلىمەي، ئادەملەرنىڭكىنى كۆزلەيسەن».
[24] ئاندىن كېيىن ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا ئېيتتى: «ئەگەر بىر كىشى كەينىمدىن ئەگەشكىلى
خالىسا، ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، كرېستىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگەشسۇن. [25] چۈنكى ھەركىم ئۆز
جېنىنى قۇتقۇزغىلى خالىسا، ئۇنى يىتتۈرىدۇ ۋە ھەركىم مەن ئۈچۈن ئۆز جېنىنى يىتتۈرسە،
ئۇنى تاپىدۇ. [26] چۈنكى ئىنسان بارچە دۇنياغا ئىگە بولۇپ، ئۆز جېنىنى يىتتۈرسە، ئۇنىڭغا
نېمە مەنپەئەت بولىدۇ؟ ئىنسان ئۆز جېنى ئۈچۈن نېمىنى تۆلەپ بېرىدۇ؟ [27] چۈنكى ئىبن
ئال-ئىنسان ئۆز ئاتىسىنىڭ شان-شەرىپىدە ئۆز پەرىشتىلىرى بىلەن كېلىدۇ ۋە ئۇ ۋاقىت
ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئەمەلىگە قاراپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. [28] بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: مۇندا
تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىبن ئال-ئىنسان ئۆز پادىشاھلىقىدا كەلگىنىنى كۆرمىگۈچە ئۆلۈم
تېتىمايدۇ».

## تاغدا ئېلىياس ۋە مۇسانىڭ ئەيسا مەسىھ بىلەن كۆرۈنۈشى

17 [1] ئالتە كۈندىن كېيىن ئەيسا پېترۇسنى ۋە ياقۇب بىلەن بۇرادىرى يۇھاننانى ئۆزى
بىلەن بىللە ئېلىپ، ئۇلارنى تەنھا بىر ئېگىز تاغقا باشلاپ چىقتى. [2] ئۇلارنىڭ ئالدىدا
ئۇنىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى ۋە يۈزى ئاپتاپتەك يورۇدى ۋە لىباسلىرى نۇردەك ئاق بولدى. [3] ۋە
مانا، مۇسا بىلەن ئېلىياس ئۇلارغا كۆرۈندى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندى. [4] شۇندا
پېترۇس سۆز باشلاپ ئەيساغا ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، بىزنىڭ مۇندا تۇرۇشىمىز ياخشىدۇر.
خالىساڭ، مۇندا ئۈچ سايىۋەن ياسايلى، بىرى ساڭا، بىرى مۇساغا ۋە بىرى ئېلىياسقا». [5] ئۇ
سۆز قىلىپ تۇرغىنىدا، مانا بىر يورۇق بۇلۇت ئۇلارغا سايە قىلدى ۋە مانا بۇلۇتتىن بىر ئاۋاز
چىقىپ ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ بىلەن خۇش-رىزايىم بار. ئامراق ئوغلۇم بۇدۇر، ئۇنى ئاڭلاڭلار».
[6] شاگىرتلار بۇنى ئاڭلىغاندا يۈز تۆۋەن يىقىلىپ، ناھايىتى قورقتى. [7] ئەيسا كېلىپ، ئۇلارغا

قول تەگكۈزۈپ ئېيتتى: «قوپۇپ قورقماڭلار». [8] ئۇلار كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ئەيسادىن
باشقا ھېچكىمنى كۆرمىدى.
[9] ئۇلار تاغدىن چۈشكىنىدە ئەيسا ئۇلارغا: «كۆرگىنىڭلارنى ئىبن ئال-ئىنسان ئۆلۈكلەر
ئارىسىدىن قوپۇرۇلمىغۇچە ھېچكىمگە ئېيتماڭلار» دەپ بۇيرۇدى. [10] شاگىرتلار ئۇنىڭدىن
سوراپ ئېيتتى: «نىمە ئۈچۈن كاتىپلار: ‹ ئاۋۋال ئىلياسنىڭ كېلىشى كېرەكتۇر› دەيدۇ؟»
[11] ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئىلياس دەرۋەقە ئاۋۋال كېلىپ، ھەرنېمىنى جايلايدۇ. [12] ئەمما
سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئىلياس ئۆزى كەلدى. ئۇلار ئۇنى تونۇماي، ھەرنېمە خالىسا ئۇنىڭغا
قىلدى. شۇنداق ھەم ئىبن ئال-ئىنسان ئۇلاردىن زەخمەت تارتىدۇ». [13] ئۇ ۋاقىت شاگىرتلار
ئۇلارغا چۆمۈلدۈرگۈچى يوھاننا توغرىسىدا ئېيتقىنىنى ئۇقتى.

## جىن چاپلاشقان بالىنىڭ ساقايتىلىشى

[14] ئۇلار خەلق يىغىلغان يەرگە يەتكەندە بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىز پۈكۈپ [15] ئېيتتى:
«ئەي خۇداۋەندە، ئوغلۇمغا رەھىم قىلغىن، چۈنكى تۇتقاقلىق كېسەل بولۇپ قاتتىق زەخمەت
تارتىدۇ. پات-پات ئوتقا ۋە پات-پات سۇغا چۈشىدۇ. [16] ئۇنى سېنىڭ شاگىرتلىرىڭنىڭ ئالدىغا
كەلتۈردۈم، ئەمما ئۇلار ئۇنى ساقايتالمىدى». [17] ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئەي ئىمانسىز
ۋە تەتۈر نەسىل، قاچانغىچە سىلەر بىلەن تۇراي؟ قاچانغىچە سىلەرگە سەۋر-تاقەت قىلاي؟
ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار». [18] ئەيسا يامان روھقا تەنبىھ بەردى ۋە ئۇ ئۇنىڭدىن چىقتى. ئۇ
سائەتتىن تارتىپ ئوغۇل ساقايغانىدى.
[19] ئۇ ۋاقىت شاگىرتلار ئۆزئارا ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى: «نىمىشقا بىز ئۇنى
چىقىرالمىدۇق؟» [20] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئېتىقادىڭلار كەم بولغان ئۈچۈن، چۈنكى بەرھەق،
سىلەرگە ئېيتىمەن: ئەگەر قىچا ئۇرۇقىچە ئېتىقادىڭلار بولسا، بۇ تاغقا ‹ مۇندىن ئۇ يەرگە
كۆچكىن› دېسەڭلار، كۆچىدۇ ۋە سىلەرگە مۇمكىن بولمايدىغان ھېچ ئىش بولمايدۇ. [21] ئەمما
دۇئا ۋە روزا بىلەن بولمىسا، بۇنداقلار چىقمايدۇ».

## ئەيسا مەسىھ يەنە ئۆلۈپ تىرىلىشى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ

[22] ئۇلار گالىلىيەدە تۇرغان ۋاقىتتا ئەيسا ئۇلارغا: «ئىبن ئال-ئىنسان ئادەملەرنىڭ قولىغا
تاپشۇرۇلىدۇ. [23] ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ» دېدى. ئۇلار
ناھايىتى غەمكىن بولدى.

## بېيت-مۇقەددەس بېجى بېرىش

24 ئۇلار كاپەرناھۇمغا كەلگەندە ئىككى دىرخاملىق باجنى يىغقۇچىلار پېترۇسنىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئېيتتى: «ئۇستازىڭلار ئىككى دىرخامنى بېرەمدۇ؟» 25 ئۇ ‹ بېرىدۇ› دەپ ئېيتتى.
ئەمما ئۆيگە كىرگەندە ئەيسا ئۇنىڭ گېپىنى توسۇپ ئېيتتى: «ئەي سىمون، سەن قانداق
قارايسەن؟ بۇ دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى باج-ئالۋاننى كىمدىن ئالىدۇ؟ ئۆز ئوغۇللىرىدىنمۇ؟
ياكى ياتلاردىنمۇ؟» 26 ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ياتلاردىن». ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇنداق
بولسا، ئوغۇللار ئازادتۇر. 27 لېكىن ئۇلارنى تايدۇرمايلى دەپ، دېڭىزغا بېرىپ قارمىقىڭنى
سالغىن ۋە ئاۋۋال چىقىدىغان بېلىقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچقاندا تۆت دىرخاملىق بىر تەڭگە
پۇل تاپىسەن. ئۇنى ئېلىپ، مېنىڭ ۋە سەن ئۈچۈن ئۇلارغا بەرگىن».

## كىم ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدا ئۇلۇغراق؟

18 1 ئۇ سائەتتە شاگىرتلار ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدىكى
ئۇلۇغراقى كىمدۇر؟» دەپ ئېيتتى. 2 ئەيسا بىر كىچىك بالىنى ئۆز ئالدىغا قىچقىرىپ
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ، 3 ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئەگەر يېنىپ،
كىچىك بالىلاردەك بولمىساڭلار، ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرمەيسىلەر. 4 چۈنكى ھەركىم
ئۆزىنى شۇ كىچىك بالىدەك تۆۋەن تۇتسا، ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىدىكى ئۇلۇغراقى ئۇدۇر.
5 كىمكى شۇنداق بىر كىچىك بالىنى مېنىڭ ئىسمىمدا قوبۇل قىلسا، مېنى قوبۇل قىلىدۇ.

## توغرا يولدىن تايدۇرۇش توغرىسىدا

6 كىمكى ماڭا ئىشەنگەن شۇ كىچىكلەردىن بىرىنى تايدۇرسا، ئۇنىڭ بويىنىغا بىر تۈگمەن
تېشى ئېسىلىپ، دېڭىزنىڭ چوڭقۇرىغا چۆكتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا ياخشى بولاتتى. 7 ۋاي
دۇنياغا تايدۇرماقلىقلار ئۈچۈن. چۈنكى تايدۇرماقلىقلارنىڭ كېلىشى كېرەكتۇر، لېكىن ۋاي
تايدۇرماقلىققا ۋاستە بولغان ئادەمگە. 8 ئەگەر قولۇڭ ياكى پۇتۇڭ سېنى تايدۇرسا، ئۇنى
كېسىپ ئۆزۈڭدىن تاشلىغىن. چولاق يا توكۇر بولۇپ ھاياتلىققا كىرىشىڭ ئىككى قوللۇق
يا ئىككى پۇتلۇق بولۇپ دوزاخقا سېلىنىشىڭدىن ئەۋزەلدۇر. 9 ئەگەر كۆزۈڭ سېنى تايدۇرسا،
ئۇنى ئويۇپ ئۆزۈڭدىن تاشلىغىن. بىر كۆزلۈك بولۇپ ھاياتلىققا كىرىشىڭ ئىككى كۆزلۈك
بولۇپ ئوتنىڭ دوزىخىغا سېلىنىشىڭدىن ئەۋزەلدۇر.

## ئېزىققان قوي توغرىسىدىكى تەمسىل

10 ئاگاھ بولۇڭلاركى، شۇ كىچىكلەردىن بىرىنى تەھقىر قىلمىغايسىلەر، چۈنكى سىلەرگە
ئېيتىمەن: ئۇلارنىڭ پەرىشتىلىرى ئاسمانلاردا ساماۋى ئاتامنىڭ يۈزىنى ھەمىشە كۆرىدۇ.
11 چۈنكى ئىبن ئال-ئىنسان ھالاك بولغاننى ئىزدەپ قۇتقۇزغىلى كەلدى. 12 سىلەر قانداق
قارايسىلەر؟ بىر ئادەمنىڭ يۈز قويى بولسا ۋە ئۇلاردىن بىرى ئېزىقىپ كەتسە، ئۇ توقسان
توققۇزنى تاغلاردا قويۇپ، ئۇ ئېزىققاننى ئىزدەپ بارمامدۇ؟ 13 ئەگەر مۇبادا ئۇنى تاپسا، بەرھەق
سىلەرگە ئېيتىمەن: ئېزىقىپ كەتمىگەن توقسان توققۇزدىن شۇ قوي ئۈچۈن ئوشۇقراق خۇشال
بولىدۇ. 14 شۇنداق شۇ كىچىكلەردىن بىرىنىڭ ھالاك بولۇشى ئاسمانلاردىكى ئاتامنىڭ
خاھىشى ئەمەس.

## بۇرادىرىڭ گۇناھ قىلسا

15 ئەگەر بۇرادىرىڭ گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا يالغۇز بىر-بىرىڭلارنىڭ
ئارىسىدا نەسىھەت قىلغىن. سېنى ئاڭلىسا، بۇرادىرىڭنى تاپقان بولىسەن. 16 لېكىن
ئاڭلىمىسا، ئۆزۈڭ بىلەن يەنە بىر ياكى ئىككى كىشىنى ئالغىن. شۇنىڭ بىلەن ھەر سۆز
ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھنىڭ ئاغزى بىلەن مەھكەم قىلىنغاي. 17 ئۇلارنى ئاڭلىمىسا، جامائەتكە
ئېيتقىن. لېكىن جامائەتنى ئاڭلىمىسا، ئۇ ساڭا بۇتپەرەس ۋە باجگىردەك بولغاي. 18 بەرھەق،
سىلەرگە ئېيتىمەنكى، ھەرنېمىنى يەردە باغلىساڭلار، ئاسماندا باغلىنىدۇ ۋە ھەرنېمىنى يەردە
يەشسەڭلار، ئاسماندا يېشىلىدۇ. 19 يەنە سىلەرگە ئېيتىمەن: يەردە سىلەردىن ئىككى كىشى
بىر بولۇپ ھەرنېمىنى تىلىسە، ئاسمانلاردىكى ئاتام تەرىپىدىن ئۇلارغا بېرىلىدۇ. 20 چۈنكى ھەر
يەردە ئىككى ياكى ئۈچ كىشى مېنىڭ نامىمدا جەم بولسا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىمەن».

## يامان قۇل توغرىسىدىكى تەمسىل

21 ئۇ ۋاقىت پېترۇس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، نەچچە مەرتىۋە بۇرادىرىم
ماڭا گۇناھ قىلسا، ئۇنى كەچۈرەي؟ يەتتە مەرتىۋىگىچىمۇ؟» 22 ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ساڭا
يەتتە مەرتىۋىگىچە، دېمەيمەن، بەلكى يەتمىش قېتىم يەتتە مەرتىۋىگىچىلىك. 23 ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۆز قۇللىرىدىن ھېساب خالىغان بىر پادىشاھ كىشىگە ئوخشايدۇ.
24 ئۇ ھېساب قىلغىلى باشلىغاندا ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئون مىڭ تالانت قەرزى بار بىر كىشىنى
كەلتۈردى. 25 ئەمما تۆلەپ بەرگىلى بىر نەرسىسى بولمىغاچ خوجىسى ئۇ ئۆزى بىلەن خوتۇنى
ۋە باللىرى ۋە پۈتۈن بارلىقى سېتىلىپ، تۆلەپ بېرىشىنى ئەمر قىلدى. 26 ئۇ ۋاقىت قۇل يەرگە
يىقىلىپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ ئېيتتى: ‹ ماڭا مۆھلەت بەرگىن ۋە بارچىسىنى ساڭا تۆلەپ
بەرەي›. 27 ۋە ئۇ قۇلنىڭ خوجىسى رەھىم قىلىپ ئۇنى قويۇپ بېرىپ، قەرزىدىن ئۆتتى.

[28] ئەمما ئۇ قۇل تاشقىرى چىققاندا ئۆز قۇل رەپىقلىرىدىن ئۇنىڭغا يۈز دىنار قەرزى بار بىرىنى
تېپىپ، ئۇنى تۇتۇپ، گېلىنى سىقىپ: ‹ قەرزىڭنى ماڭا تۆلەپ بەرگىن› دەپ ئېيتتى. [29] ئەمما
ئۇنىڭ قۇل رەپىقى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئېيتتى: ‹ ماڭا مۆھلەت
بەرگىن ۋە ساڭا تۆلەپ بېرەي›. [30] لېكىن ئۇ ئۇنىماي بېرىپ، قەرزنى تۆلەپ بەرگۈچە ئۇنى
زىندانغا سالدۇردى.
[31] ئۇنىڭ قۇل رەپىقلىرى ۋەقە بولغاننى كۆرۈپ، تولا غەمكىن بولۇپ بېرىپ، بارچە ماجىرانى
خوجىسىغا ئېيتىپ بەردى. [32] ئۇ ۋاقىت خوجىسى ئۇنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئەي يامان
قۇل، ماڭا يالۋۇرغىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ھەممە قەرزىڭدىن ئۆتتۈم. [33] مەن ساڭا رەھىم قىلغاندەك
ئۆز قۇل رەپىقىڭگە رەھىم قىلىش ساڭا ھەم لازىم ئەمەسمىدى؟› [34] خوجىسى ئاچچىقلىنىپ،
ھەممە قەرزنى تۆلەپ بەرگۈچە ئۇنى ئازاب قىلغۇچىلارغا تاپشۇردى. [35] ئەگەر سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار
كۆڭلۈڭلاردىن ئۆز بۇرادىرىنى كەچۈرمىسە، ساماۋى ئاتام ھەم سىلەرگە شۇنداق قىلىدۇ».

## نىكاھلىق تۇرمۇش ۋە تالاق قىلىش توغرىسىدا

19 [1] ۋەقە بولدىكى، ئەيسا بۇ سۆزلەرنى تامام قىلغاندا گالىلىيەدىن چىقىپ، ئىئوردانىنىڭ
ئۇ بىر تەرىپىدىكى يەھۇدىيەنىڭ يەرلىرىگە باردى. [2] تولا خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
ئۇ ئاندا ئۇلارغا شىپا بەردى. [3] پەرىسىيلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى سىناپ ئېيتتى: «بىر
كىشىگە ھەر نە سەۋەب بىلەن ئۆز خوتۇنىنى تالاق قىلماق جايىزمۇ؟» [4] ئەمما ئۇ جاۋاب
بېرىپ ئېيتتى: «ياراتقۇچى دەسلەپتىن تارتىپ ئۇلارنى ئەر ۋە خوتۇن يارىتىپ: ‹ [5] بۇنىڭ
ئۈچۈن ئادەم ئاتا بىلەن ئانىسىنى قويۇپ ئۆز خوتۇنى بىلەن بىر بولسۇن ۋە ئىككىلىسى بىر
بەدەن بولسۇن› دېپ ئېيتقىنىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ [6] ئاندىن كېيىن ئۇلار ئىككى ئەمەس،
بىر بەدەندۇر. ئەمدى خۇدانىڭ قوشقىنىنى ئىنسان ئايرىمىسۇن». [7] ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«ئۇنداق بولسا، نېمىشقا مۇسا تالاق خېتى بېرىشنى ۋە تالاق قىلماقنى ئەمر قىلدى؟» [8] ئۇ
ئۇلارغا ئېيتتى: «كۆڭۈللىرىڭلارنىڭ قاتتىقلىقى ئۈچۈن مۇسا سىلەرگە خوتۇنلىرىڭلارنى تالاق
قىلغىلى ئىجازەت بەردى. لېكىن دەسلەپتىن شۇنداق ئەمەس ئىدى. [9] سىلەرگە ئېيتىمەن:
ھەركىم زىنادىن باشقا سەۋەب بىلەن ئۆز خوتۇنىنى تالاق قىلىپ باشقىسىنى ئالسا، زىنا
قىلىدۇ».
[10] شاگىرتلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەگەر ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئارىسىدىكى ئەھۋال شۇنداق بولسا،
ئۆيلەنمەك ياخشى ئەمەس». [11] ئەمما ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ھەممىسى بۇ سۆزنى كۆتۈلگە
ئالالمايدۇ، لېكىن ئۆزىگە بېرىلگەنلەر كۆتۈلگە ئالىدۇ. [12] چۈنكى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن
شۇنداق تۇغۇلغان ئاختىلار بار ۋە ئادەملەردىن ئاختا قىلىنغانلار بار ۋە ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاختا قىلغانلار باردۇر. ھەركىم كۆتۈلگە ئالالىسا، ئالسۇن».

## باللارنىڭ ئەيسا مەسىھ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈشى

[13] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويۇپ دۇئا قىلسۇن دەپ، ئۇلار ئۇنىڭ
ئالدىغا كىچىك باللارنى كەلتۈردى. ئەمما شاگىرتلار ئۇلارنى ئەيىبلىدى. [14] لېكىن ئەيسا
ئېيتتى: «كىچىك باللارنى قويۇڭلار ۋە ئۇلارنى ماڭا كەلگىلى توسماڭلار، چۈنكى ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقى شۇنداقلارنىڭكىدۇر». [15] ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى قويغاندىن كېيىن ئۇ
يەردىن كەتتى.

## ئەيسا مەسىھ ۋە باي يىگىت

[16] ۋە مانا، بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېيتتى: «ئەي ئۇستاز، ئەبەدىي ھاياتلىقنى تاپقىلى
نېمە ياخشىلىق قىلاي؟» [17] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا مەندىن ياخشىلىق توغرىسىدىن
سورايسەن؟ ياخشى بولغۇچى ئۆزى بىردۇر. لېكىن ھاياتلىققا كىرگىلى خالىساڭ، ئەمرلەرنى
تۇتقىن». [18] ئۇ: «قايسى ئەمرلەرنى؟» دەپ سورىدى. ئەيسا ئېيتتى: «قاتىللىق قىلمىغىن،
زىنا قىلمىغىن، ئوغرىلىق قىلمىغىن، يالغان گۇۋاھلىق بەرمىگىن، [19] ئاتاڭغا ۋە ئاناڭغا
ھۆرمەت قىلغىن ۋە ھەقەمسايەڭنى ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن». [20] ئۇ يىگىت ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«بۇنىڭ ھەممىسىنى تۇتقانمەن. يەنە ماڭا نېمە كەمدۇر؟» [21] ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كامىل
بولۇشنى خالىساڭ، بېرىپ مېلىڭنى سېتىپ، پېقىرلارغا بەرگىن ۋە ئاسمانلاردا خەزىنەڭ
بولىدۇ ۋە كېلىپ ماڭا ئەگەشكىن». [22] لېكىن ئۇ يىگىت بۇنى ئاڭلىغاندا غەمكىن بولۇپ
كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ تولا مېلى بار ئىدى.
[23] شۇندا ئەيسا ئۆز شاگىرتلىرىغا ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: بىر باي ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقىغا تەسلىك بىلەن كىرىدۇ. [24] يەنە سىلەرگە ئېيتىمەنكى، بىر باينىڭ ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقىغا كىرىشىدىن بىر تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن كىرىشى ئوڭايدۇر». [25] شاگىرتلار
بۇنى ئاڭلىغاندا تولا ھەيران قېلىپ ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، كىم نىجات تاپالايدۇ؟» [26] ئەيسا
ئۇلارغا قاراپ ئېيتتى: «ئادەملەرگە ئۇشبۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ھەر نەرسە خۇداغا
مۇمكىندۇر».
[27] ئۇ ۋاقىت پېترۇس سۆز باشلاپ ئېيتتى: «مانا بىز ھەر نەرسىنى قويۇپ ساڭا ئەگەشتۇق.
بىزگە نېمە بېرىلىدۇ؟» [28] ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: سىلەر ماڭا
ئەگەشكەنلەر يېڭى تۇغۇلۇشتا ئىبن ئال-ئىنسان ئۆز شان-شەرىپىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغاندا
سىلەر ھەم ئون ئىككى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىگە
ھۆكۈم قىلىسىلەر. [29] ھەركىم مېنىڭ ئىسمىم ئۈچۈن ئۆيلىرىنى يا بۇرادەرلىرىنى يا
ھەمشىرىلىرىنى يا ئاتىسىنى يا ئانىسىنى يا باللىرىنى يا ئېكىن يەرلىرىنى تەرك قىلسا،
نەچچە مەرتىۋىسىنى ئېلىپ، ئەبەدىي ھاياتلىقنى مىراس ئالىدۇ. [30] لېكىن تولا ئاۋۋالقىلار
ئاخىرقىلار ۋە ئاخىرقىلار ئاۋۋالقىلار بولىدۇ.

## ئۈزۈمزارلىقتىكى مەدىكارلار توغرىسىدىكى تەمسىل

20 [1] چۈنكى ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى سەھەردە ئۆز ئۈزۈمزارلىقىغا مەدىكار ئالغىلى
چىققان بىر ئۆي خوجايىنىغا ئوخشايدۇ. [2] ئۇ مەدىكارلار بىلەن كۈنلۈكى بىر دىنارغا
كېلىشىپ، ئۇلارنى ئۆز ئۈزۈمزارلىقىغا ئەۋەتتى. [3] ئۈچىنچى سائەتكە يېقىن چىقىپ، بازاردا
بىكار تۇرغان باشقىلارنى كۆرۈپ، [4] ئۇلارغا ئېيتتى: ‹ سىلەر ھەم تالىققا بېرىڭلار ۋە ھەققىڭلارنى
سىلەرگە بېرەي›. ئۇلار باردى. [5] ئالتىنچى ۋە توققۇزىنچى سائەتكە يېقىن چىقىپ، يەنە شۇنداق
قىلدى. [6] ئون بىرىنچى سائەتكە يېقىن چىقىپ، بىكار تۇرغان باشقىلارنى تېپىپ، ئۇلارغا
ئېيتتى: ‹ نېمىشقا پۈتۈن كۈن مۇندا بىكار تۇرىسىلەر؟› [7] ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ھېچكىم
بىزنى ئىجارىگە ئالمىدى›. ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: ‹ سىلەر ھەم تالىققا بېرىڭلار›. [8] ئاخشام بولغاندا
ئۈزۈمزارلىقنىڭ ئىگىسى ئۆز ۋەكىلىگە ئېيتتى: ‹ مەدىكارلارنى قىچقىرىپ، ئاخىرقىلىرىدىن
باشلاپ ئاۋۋالقىلىرىغىچە ئىش ھەققىنى بەرگىن›. [9] ئون بىرىنچى سائەتتىكىلەر كېلىپ،
ھەربىرى بىر دىناردىن ئالدى. [10] ئاۋۋالقىلار كەلگەندە، ئوشۇقراق ئالىمىز، دەپ خىيال قىلدى.
ئەمما ئۇلار ھەم ھەربىرى بىر دىناردىن ئالدى. [11] ئالغاندا ئۆي خوجايىنىغا غوتۇلدىشىپ،
[12] ئېيتىشتى: ‹ بۇ ئاخىرقىلار بىر سائەت ئىشلىگەن ۋە بىز كۈندۈزنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋە
ئاپتاپ ئىسسىقىنى تارتقانلارغا ئۇلارنى تەڭ قىلدىڭ›. [13] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ
بىرىگە ئېيتتى: ‹ ئەي دوستۇم، مەن ساڭا ناھەقلىق قىلمىدىم. سەن مەن بىلەن بىر دىنارغا
كېلىشمىدىڭمۇ؟ [14] ھەققىڭنى ئېلىپ كەتكىن. لېكىن بۇ ئاخىرقىغا ساڭا ئوخشاش بەرگىلى
خالايمەن. [15] ئۆزۈمنىڭكىنى خالىغىنىمدەك قىلغىلى ھەققىم يوقمۇ؟ مېنىڭ ياخشى
ئىكەنلىكىمگە سېنىڭ كۆزۈڭ يامان بولامدۇ؟› [16] شۇنىڭغا ئوخشاش ئاخىرقىلار ئاۋۋالقىلار ۋە
ئاۋۋالقىلار ئاخىرقىلار بولىدۇ».

## ئەيسا مەسىھ يەنە ئۆلۈپ تىرىلىشىنى ئالدىن ئېيتىدۇ

[17] يېرۇسالېمغا بارغىلى چىققاندا ئەيسا ئون ئىككىلەرنى تەنھاغا ئېلىپ، يولدا ئۇلارغا
ئېيتتى: [18] «مانا بىز يېرۇسالېمغا چىقىمىز ۋە ئىبن ئال-ئىنسان باش كاھىنلارغا ۋە
كاتىپلارغا تاپشۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلار ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. [19] ئۇلار ئۇنى مەسخىرە
قىلىپ، قامچىلاپ، كرېستكە تارتقىلى تائىپىلەرگە تاپشۇرىدۇ ۋە ئۇ ئۈچىنچى كۈنى قوپىدۇ».

## ياقۇب ۋە يۇھاننانىڭ ئانىسىنىڭ ئىلتىماسى

[20] ئۇ ۋاقىت زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ
تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نېمە تىلىدى. [21] ئۇ: «نېمە خالايسەن» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى.
ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئېيتقىنكى، سېنىڭ پادىشاھلىقىڭدا بۇ ئىككى ئوغلۇمنىڭ بىرى ئوڭ
يېنىڭدا ۋە بىرى سول يېنىڭدا ئولتۇرسۇن». [22] ئەمما ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «نېمە

تىلىگىنىڭلارنى بىلمەيسىلەر. مەن ئىچىدىغان پىيالىنى ئىچەلەمسىلەر؟» ئۇلار: «ئىچەلەيمىز»
دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. 23 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «مېنىڭ پىيالەمنى ئىچىسىلەر، لېكىن ئوڭ
يېنىمدا ۋە سول يېنىمدا ئولتۇرۇشنى بەرگىلى ئىختىيار مەندە ئەمەس، ئەمما ئاتامدىن
قايسىلارغا تايىن قىلىنغان بولسا، ئۇلارغا بېرىلىدۇ».
24 ئون شاگىرت بۇنى ئاڭلىغاندا بۇ ئىككى بۇرادەردىن خاپا بولدى. 25 ئەيسا ئۇلارنى ئۆز
ئالدىغا قىچقىرىپ ئېيتتى: «بىلىسىلەركى، تائىپىلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئۇلارغا چوڭلۇق
قىلىدۇ ۋە ئۇلۇغلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سەلتەنەت قىلىدۇ. 26 سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا شۇنداق
بولمىسۇن، بەلكى كىمكى ئاراڭلاردا چوڭ بولغىلى خالىسا، خىزمەتكارىڭلار بولسۇن 27 ۋە
كىمكى ئاراڭلاردا بىرىنچى بولغىلى خالىسا، قۇلۇڭلار بولسۇن. 28 شۇنداقكى، ئىبن ئال-
ئىنسان ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرماق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىپ، تولىلار ئۈچۈن
ئۆز جېنىنى پىدا قىلغىلى كەلدى».

## ئەيسا ئىككى كور كىشىنى ساقايتىدۇ

29 ئۇلار يېرىخودىن چىققاندا تولا خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى. 30 ۋە مانا يول ئۈستىدە ئولتۇرغان
ئىككى كور كىشى ئەيسانىڭ ئۆتىدىغىنىنى ئاڭلاپ: «ئەي خۇداۋەندە، ئىبن داۋۇد، بىزگە رەھىم
قىلغىن» دەپ قىچقاردى. 31 ئەمما خەلق ئۇلارنى «شۈك تۇرۇڭلار» دەپ ئەيىبلىدى. لېكىن
ئۇلار ئوشۇقراق قىچقىرىپ ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، ئىبن داۋۇد، بىزگە رەھىم قىلغىن».
32 ئەيسا توختاپ، ئۇلارنى قىچقىرىپ ئېيتتى: «سىلەرگە نېمە قىلىشىمنى خالايسىلەر؟»
33 ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە، كۆزلىرىمىز ئېچىلسا ئىدى». 34 ئەيسا ئۇلارغا رەھىم
قىلىپ، كۆزلىرىگە قول تەگكۈزدى ۋە ئۇلار دەرھال كۆرىدىغان بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## ئەيسا مەسىھ تەخەيگە مىنىپ يېرۇسالىمغا كىرىدۇ

21 1 ئۇلار يېرۇسالىمغا يېقىنلىشىپ، زەيتۇن تېغىنىڭ يېنىدىكى بەيتپاگەگە كەلگەندە
ئەيسا ئىككى شاگىرتنى ئەۋەتىپ، 2 ئۇلارغا ئېيتتى: «قېشىڭلاردىكى كەنتكە بېرىڭلار
ۋە دەرھال بىر باغلاقلىق ئېشەكنى تەخىيى بىلەن تاپىسىلەر. ئۇلارنى يېشىپ، ماڭا ئېلىپ
كېلىڭلار. 3 ئەگەر بىرى سىلەرگە بىر نېمە دېسە، ‹ ئۇلار خۇداۋەندىگە لازىمدۇر› دەڭلار ۋە
ئۇ دەرھال ئۇلارنى قويۇپ بېرىدۇ». 4 بۇنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن
ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلمەكى ئۈچۈن ۋەقە بولدى، يەنى:
5 «سى'ون قىزىغا ئېيتىڭلار: مانا پادىشاھىڭ ياۋاشلىق بىلەن كېلىپ، ئېشەككە، ئېشەك
ئۇلاغىنىڭ تەخىيىگە مىنىپ ساڭا كېلىدۇ».

6 شاگىرتلار بېرىپ، ئەيسا ئۇلارغا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، 7 ئېشەكنى ۋە تەخەينى ئېلىپ كېلىپ،
ئۈز لىباسلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە سالدى ۋە ئۇ ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى. 8 خەلقنىڭ
تولىلىرى لىباسلىرىنى يول ئۇستىگە يايدى ۋە باشقىلار دەرەخلەردىن شاخلار كېسىپ يولغا
سالدى. 9 ئالدىدا ماڭغان ۋە كەينىدىن ئەگەشكەن خەلق قىچقىرىپ ئېيتىشتى: ھەمدۇسانا
ئىبن-داۋۇدقا، خۇداۋەندىنىڭ نامىدا كېلىدىغان مۇبارەكتۇر، ھەمدۇسانا ئەرشئەلادا!
10 يېرۇسالېمغا كىرگەندە بارچە شەھەر تەۋرىنىپ كېتىپ: «بۇ كىمدۇر» دەپ ئېيتىشتى.
11 خەلق ئېيتتى: «بۇ ئۆزى گالىلىيەدىكى نازارەتتىن بولغان ئەيسا پەيغەمبەردۇر».

## ئەيسا مەسىھنىڭ بەيت-مۇقەددەسنى تازىلىشى

12 ئەيسا بەيت-مۇقەددەسكە كىرىپ، بەيتتىكى ھەممە ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىلارنى ھەيدەپ
چىقىرىپ، سەرراپلارنىڭ جوزىلىرىنى ۋە كەپتەر ساتقۇچىلارنىڭ كۇرسىلىرىنى ئۆرۈۋېتىپ،
13 ئۇلارغا ئېيتتى: «پۈتۈلگەنكى ‹ مېنىڭ ئۆيۈم دۇئا ئۆيى دەپ ئاتىلىدۇ›، لېكىن سىلەر ئۇنى
بۇلاڭچىلارنىڭ غېرى قىلدىڭلار». 14 بەيت-مۇقەددەستە كورلار ۋە توكۇرلار ئۇنىڭ ئالدىغا
كەلدى ۋە ئۇ ئۇلارنى ساقايتتى. 15 ئەمما باش كاھىنلار ۋە كاتىپلار ئۇنىڭ قىلغان ئاجايىپ
ئەمەللىرىنى ۋە بەيت-مۇقەددەستە ‹ ھەمدۇسانا ئىبن داۋۇدقا› دەپ قىچقارغان باللارنى
كۆرگەندە ئاچچىقلىنىپ، 16 ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بۇلارنىڭ نېمە ئېيتقىنىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟»
ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاڭلاۋاتىمەن، ‹ كىچىك باللارنىڭ ۋە ئېمىدىغان باللارنىڭ ئاغزىدىن
ئۆزۈڭگە ھەمد تەييار قىلدىڭ› دەپ ھېچ ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟» 17 ئۇ ئۇلارنى قويۇپ شەھەردىن
چىقىپ، بەيتانىياغا بېرىپ ئاندا قوندى.

## قۇرۇپ كەتكەن ئەنجۈر دەرىخى

18 ئەتىگەندە شەھەرگە يانغىنىدا ئاچ قېلىپ، 19 يولدا بىر ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
تۈۋىگە باردى. ئاندا ياپراقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپماي: «مۇندىن كېيىن ئەبەدكىچە سەندە
مېۋە بولمىسۇن» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. دەرھال ئەنجۈر دەرىخى قۇرۇپ كەتتى. 20 شاگىرتلار
بۇنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ ئېيتتى: «ئەنجۈر دەرىخى قانداق دەرھال قۇرۇپ كەتتى؟» 21 ئەيسا
جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئەگەر ئېتىقادىڭلار بولسا ۋە شەك
كەلتۈرمىسەڭلار، يالغۇز بۇ ئەنجۈر دەرىخىگە قىلىنغاننى قىلماي، بەلكى بۇ تاغنىڭ ئۆزىگە: ‹
كۆچۈرۈلۈپ، دېڭىزغا تاشلانغىن› دەپ ئېيتساڭلار، ئۇنداق بولىدۇ. 22 دۇئادا ھەرنېمىنى تىلەپ
ئىشەنسەڭلار ئالىسىلەر».

## ئەيسا مەسىھنىڭ ھوقۇقىنىڭ سورۇشتۇرۇلۇشى

23 ئۇ بەيت-مۇقەددەسكە كىرىپ تەلىم بەرگىنىدە باش كاھىنلار ۋە قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرى
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى: «نېمە قۇدرەت بىلەن شۇنى قىلىسەن ۋە بۇ قۇدرەتنى ساڭا
كىم بەردى؟» 24 ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «مەن ھەم سىلەردىن بىر سۆز سوراي.
ئەگەر ئۇنى ماڭا ئېيتساڭلار، مەن ھەم نېمە قۇدرەت بىلەن شۇنى قىلغىنىمنى سىلەرگە
ئېيتاي. 25 يۇھاناننىڭ چۆمۈلدۈرۈشى قەيەردىن ئىدى؟ ئاسماندىنمۇ؟ ئادەملەردىنمۇ؟»
ئۇلار ئۆز ئارىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپ ئېيتتى: «ئەگەر ئاسماندىن دېسەك، بىزگە ‹ ئۇنداق
بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار؟› دەيدۇ. 26 ئەگەر ئادەملەردىن دېسەك، خەلقتىن
قورقىمىز، چۈنكى ھەممىسى يۇھاناننى پەيغەمبەر دەپ بىلىدۇ». 27 بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەيساغا:
«بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزى ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنداقتا مەن ھەم نېمە قۇدرەت
بىلەن بۇنى قىلغىنىمنى سىلەرگە ئېيتمايمەن.

## ئىككى ئوغۇل توغرىسىدىكى تەمسىل

28 ئەمدى سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇ بېرىپ
ئاۋۋالقىسىغا ئېيتتى: ‹ ئەي ئوغلۇم، بېرىپ، بۇ كۈن ئۈزۈمزارلىقىمدا ئىشلىگىن›. 29 ئەمما
ئۇ: ‹ خالىمايمەن› دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن پۇشايمان بولۇپ باردى. 30 ھەم ئىككىنچىسىگە
بېرىپ، شۇنداق ئېيتتى. ئەمما ئۇ: ‹ خوپ خوجام، مەن باراي› دەپ جاۋاب بەردى، لېكىن
بارمىدى. 31 بۇ ئىككىلىسىنىڭ قايسىسى ئاتىنىڭ خاھىشىنى قىلدى؟» ئۇلار: «ئاۋۋالقىسى»
دەپ ئېيتتى. ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەنكى، باجگىرلار ۋە پاھىشىلەر
سىلەردىن ئىلگىرى خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىدۇ. 32 چۈنكى يۇھاننا سىلەرگە ھەقىقەت
يولىدا كەلدى ۋە سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار. لېكىن باجگىرلار ۋە پاھىشەلەر ئۇنىڭغا
ئىشەندى. ئەمما سىلەر بۇنى كۆرۈپ تۇرغاندىن كېيىن پۇشايمان بولماي ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىڭلار.

## ئۈزۈمزارلىق ۋە يامان باغۋەنلەر توغرىسىدىكى تەمسىل

33 باشقا بىر تەمسىل ئاڭلاڭلار: بىر ئۆي خوجايىنى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى بىر ئۈزۈمزارلىق سېلىپ،
چۆرىسىنى چىتلاپ، ئىچىدە بىر شىرنە كۆلچىكى كولاپ، بىر مۇنار ياساپ، ئۇنى باغۋەنلەرگە
تاپشۇرۇپ، باشقا يۇرتقا سەپەر قىلدى. 34 مېۋە ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئۆز قۇللىرىنى مېۋىسىنى
تاپشۇرۇۋالغىلى باغۋەنلەرنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. 35 باغۋەنلەر ئۇنىڭ قۇللىرىنى تۇتۇپ، بىرىگە
تاياق ئۇرۇپ، بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىنى چالما-كېسەك قىلدى. 36 يەنە ئاۋۋالقىلاردىن
ئوشۇقراق باشقا قۇللىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلار بۇلارغا ھەم شۇنداق قىلدى. 37 لېكىن ئاخىر: ‹
ئۇلار ئۆز ئوغلۇمغا يۈز-خاتىرە قىلغاي› دەپ ئۇلارغا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتتى. 38 لېكىن باغۋەنلەر

ئوغۇلنى كۆرگەندە ئۆز ئارىلىرىدا: ‹ بۇ ۋارىستۇر، كېلىڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مىراسنى ئالايلى›
دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. 39 ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ، ئۈزۈمزارلىقتىن تاشقىرى چىقىرىپ ئۆلتۈردى.
40 ئۈزۈمزارلىقنىڭ ئىگىسى كەلگەندە ئۇ باغۋەنلەرگە نېمە قىلىدۇ؟» 41 ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«ئۇلار يامان بولغاچ يامان ھالاكەت بىلەن ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۈزۈمزارلىقنى ئۆز ۋاقتىدا مېۋىنى
ئۇنىڭغا بېرىدىغان باشقا باغۋەنلەرگە تاپشۇرىدۇ». 42 ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «‹ تامچىلار
رەت قىلغان تاش ئۆزى بۇرجەك تېشى بولدى. خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن شۇنداق بولدى ۋە
كۆزلىرىمىزدە ئاجايىپتۇر› دەپ مۇقەددەس يازمىلاردا ھېچ ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟
43 بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە ئېيتىمەن: خۇدانىڭ پادىشاھلىقى سىلەردىن ئېلىنىپ، مېۋىسىنى
بېرىدىغان بىر خەلققە بېرىلىدۇ. 44 ھەركىم بۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، پارچىلىنىدۇ ۋە بۇ
تاش كىمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئۇنى ئېزىدۇ».
45 باش كاھىنلار ۋە پەرىسىيلەر ئۇنىڭ تەمسىللىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ ئۆز توغرىسىدا سۆز
قىلغىنىنى ئۇقتى. 46 لېكىن ئۇلار ئۇنى تۇتقىلى ئىزدىگەندە خەلقتىن قورقتى، چۈنكى ئۇلار
ئۇنى پەيغەمبەر دەپ بىلەتتى.

## توي زىياپىتى توغرىسىدىكى تەمسىل

22 1 ئەيسا سۆز قىلىپ، يەنە تەمسىللەر بىلەن ئۇلارغا تەلىم بېرىپ ئېيتتى: 2 «ئاسمانلارنىڭ
پادىشاھلىقى ئۆز ئوغلىغا توي قىلغان بىر پادىشاھ كىشىگە ئوخشايدۇ. 3 دەۋەت
قىلىنغانلارنى قىچقارغىلى ئۆز قۇللىرىنى ئەۋەتتى، ئەمما ئۇلار كەلگىلى خالىمىدى.
4 يەنە باشقا قۇللىرىنى ئەۋەتىپ ئېيتتى: ‹ دەۋەت قىلىنغانلارغا ئېيتىڭلاركى: ‹ مانا چۈشلۈك
تائامىمنى تەييار قىلدىم، بۇقىلىرىمنى ۋە بورداق ماللىرىمنى بوغۇزلىدىم، ھەر نەرسە تەيياردۇر،
تويغا كېلىڭلار›. 5 لېكىن ئۇلار ئېتىبار بەرمەي بىرى ئۆز ئېكىن يېرىگە، يەنە بىرى ئۆز
تىجارىتىگە باردى. 6 قالغانلىرى ئۇنىڭ قۇللىرىنى تۇتۇپ، دەشنەم قىلىپ قاتىللىق قىلدى.
7 پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ، ئۆز قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، ئۇ قاتىللىق قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلىپ،
شەھىرىنى كۆيدۈردى. 8 ئاندىن كېيىن ئۆز قۇللىرىغا ئېيتتى: ‹ توي تەيياردۇر، لېكىن
دەۋەت قىلىنغانلار لايىق ئەمەس ئىدى. 9 ئۇنىڭ ئۈچۈن يول ئايرىشلىرىغا بېرىپ، ھەممە
تاپقانلىرىڭلارنى تويغا قىچقىرىڭلار›.
10 ئۇ قۇللار يوللارغا چىقىپ، ياخشى-يامان ھەممە تاپقانلىرىنى جەم قىلدى ۋە توي ئۆيى
داستىخاندا ئولتۇرغۇچىلار بىلەن تولدى. 11 ئەمما پادىشاھ داستىخاندا ئولتۇرغانلارنى كۆرگىلى
كىرگەندە، ئاندا توي لىباسى كىيمىگەن بىر كىشىنى كۆرۈپ، 12 ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئەي
دوستۇم، سېنىڭ توي لىباسىڭ بولمىسا، بۇ يەرگە قانداق كىردىڭ؟› ئۇنىڭ ئاغزى باغلاقلىق
بولۇپ قالدى. 13 ئۇ ۋاقىت ئۇ خىزمەتكارلارغا ئېيتتى: ‹ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ۋە قوللىرىنى

باغلاپ، ئۇنى ئېلىپ تاشقىرىقى قاراڭغۇلۇققا تاشلاڭلار. ئاندا يىغا ۋە چىش غۇچۇرلىتىش
بولىدۇ›. 14 چۈنكى دەۋەت قىلىنغانلار تولا، لېكىن ئىلغانغانلار ئازدۇر».

## قەيسەرگە باج بېرىش توغرىسىدا بىر سوئال

15 ئۇ ۋاقىت پەرىسىيلەر بېرىپ، ئۇنى سۆز بىلەن تۇزاققا چۈشۈرگىلى مەسلىھەت قىلىشىپ،
16 ئۆز شاگىرتلىرىنى ھىرودەسىيلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدى: «ئەي
ئۇستاز، سېنىڭ سادىق بولۇپ، خۇدانىڭ يولىنى راستلىق بىلەن ئۆگىتىپ، ھېچكىمدىن پەرۋا
قىلمىغىنىڭنى بىلىمىز، چۈنكى ئادەملەرگە يۈز-خاتىرە قىلمايسەن. 17 ئەمدى بىزگە ئېيتقىن،
قانداق قارايسەن؟ قەيسەرگە باج بەرمەك جايىزمۇ ئەمەسمۇ؟» 18 ئەيسا ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى
بىلىپ، ئۇلارغا ئېيتتى: «ئەي رىيا قىلغۇچىلار، نېمىشقا مېنى سىنايسىلەر؟ 19 ماڭا باج پۇلىنى
كۆرسىتىڭلار». ئۇلار ئۇنىڭغا بىر دىنار كەلتۈردى. 20 ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «بۇ سۈرەت ۋە
خەت كىمنىڭكىدۇر؟» 21 ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قەيسەرنىڭكى». ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى:
«ئۇنداق بولسا، قەيسەرنىڭكىنى قەيسەرگە ۋە خۇدانىڭكىنى خۇداغا بېرىڭلار». 22 ئۇلار بۇنى
ئاڭلىغاندا ئەجەبلىنىپ، ئۇنى قويۇپ كەتتى.

## سادۇقىيلار ئۆلۈمدىن تىرىلىپ قوپۇش توغرىسىدا سوئال سورايدۇ

23 شۇ كۈندە ئۆلۈمدىن تىرىلىپ قوپۇش يوقتۇر دېگەن سادۇقىيلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئۇنىڭدىن سوراپ، 24 ئېيتتى: «ئەي ئۇستاز، مۇسا ئېيتتىكى: ‹ ئەگەر بىر كىشى بالىسىز
ئۆلسە، بۇرادىرى ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ، ئۆز بۇرادىرىگە نەسىل قوپۇرسۇن›. 25 ئەمدى
بىزنىڭ ئارىمىزدا يەتتە بۇرادەر بار ئىدى ۋە ئاۋۋالقىسى ئۆيلىنىپ ئۆلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-
ئەۋلادى بولمىغاچ خوتۇنىنى بۇرادىرىگە قويدى. 26 شۇنداق ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسى تا
يەتتىنچىسىغىچىلىك. 27 ھەممىدىن كېيىن ئۇ خوتۇن ھەم ئۆلدى. 28 ئەمدى قىيامەتتە بۇ
يەتتىسىنىڭ قايسىسىنىڭ خوتۇنى بولىدۇ؟ چۈنكى ھەممىسىنىڭكى بولغانىدى».
29 ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «مۇقەددەس يازمىلارنى ۋە خۇدانىڭ قۇدرىتىنى
بىلمىگەچ ئېزىقىپ كەتكەنسىلەر. 30 چۈنكى قىيامەتتە ئۇلار خوتۇن ئالمايدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ،
لېكىن ئاسماندىكى پەرىشتىلەردەك بولىدۇ. 31 ئەمما قىيامەت توغرىسىدىن بولسا خۇدا
تەرىپىدىن سىلەرگە ئېيتىلغىنىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ، يەنى: 32 ‹ مەن ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى
ۋە ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى ۋە ياقۇبنىڭ تەڭرىسىدۇرمەن›. خۇدا ئۆلۈكلەرنىڭ تەڭرىسى ئەمەس،
بەلكى تىرىكلەرنىڭ تەڭرىسىدۇر». 33 خەلق بۇنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ تەلىمىگە ھەيران قالدى.

## ھەممىدىن چوڭ ئەمر

34 لېكىن پەرىسىيلەر ئۇنىڭ سادۇقىيلارنى خامۇش قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا يىغىلىپ جەم
بولدى. 35 ئۇلاردىن بىر تەۋرات ئۇستازى ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سوراپ ئېيتتى:
36 «ئەي ئۇستاز تەۋراتتىكى ھەممىدىن چوڭ ئەمر قايسىدۇر؟» 37 ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «‹ رەب
خۇدايىڭنى ھەممە كۆڭلۈڭ ۋە ھەممە جېنىڭ ۋە ھەممە ئەقلىڭ بىلەن دوست تۇتقىن› دەپ،
38 ھەممىدىن ئىلگىرىكى ۋە چوڭ ئەمر شۇدۇر. 39 ‹ ھەقەمسايەڭنى ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن›
دەپ ئىككىنچىسى مۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. 40 بارچە تەۋرات ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى بۇ
ئىككى ئەمرگە ئېسىلغاندۇر».

## مەسىھ كىمنىڭ ئوغلىدۇر؟

41 پەرىسىيلەر جەم بولۇپ تۇرغاندا ئەيسا ئۇلاردىن سوراپ، 42 ئېيتتى: «مەسىھ توغرىسىدىن
نېمە ئويلايسىلەر؟ كىمنىڭ ئوغلىدۇر؟» ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «داۋۇدنىڭكى». 43 ئۇ ئۇلارغا
ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، داۋۇد روھتا قانداق ئۇنى خۇداۋەندە دەپ ئاتاپ، ئېيتتىكى: 44 ‹ رەب
مېنىڭ خۇداۋەندەمگە ئېيتتى: مەن سېنىڭ دۇشمەنلىرىڭنى پۇتلىرىڭنىڭ تېگىگە قويغۇچە
مېنىڭ ئوڭ يېنىمدا ئولتۇرغىن، دېدى›؟ 45 ئەمدى داۋۇد ئۇنى خۇداۋەندە دەپ ئاتىسا، قانداق
ئۇنىڭ ئوغلى بولىدۇ؟» 46 ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر سۆز جاۋاب بېرەلمىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ
ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىغىلى جۈرئەت قىلمىدى.

## ئەيسا مەسىھ رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەرنى ئەيىبلەيدۇ

23 1 ئۇ ۋاقىت ئەيسا خەلققە ۋە ئۆز شاگىرتلىرىغا سۆز قىلىپ، 2 ئېيتتى: «كاتىپلار بىلەن
پەرىسىيلەر مۇسانىڭ كۇرسىسىدا ئولتۇرىدۇ. 3 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە ھەرنېمە
دېسە، ئۇنى قىلىپ ساقلاڭلار. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدەك قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار ئېيتىدۇ،
ئەمما قىلمايدۇ. 4 ئۇلار ئېغىر يۈكلەر باغلاپ، ئادەملەرنىڭ مۈرلىرىگە ئارتىپ قويىدۇ. لېكىن
ئۆزى بىر بارمىقى بىلەن بۇلارنى لىڭشىتىشقا يارىمايدۇ. 5 ئۇلار ئادەملەرگە كۆرۈنمىز دەپ،
ھەممە ئەمەللىرىنى قىلىدۇ، چۈنكى ئايەت قېپىنىڭ بوغقۇچلىرىنى كەڭ ۋە ئېتەك پۆپۈكلىرىنى
چوڭ قىلىدۇ. 6 ئۇلار زىياپەتلەردە تۆردە ئولتۇرۇشنى ۋە سىناگوگلاردا ئاۋۋالقى ئورۇنلارنى 7 ۋە
بازاردا سالام ئېلىشنى ۋە ئادەملەردىن خوجام دەپ ئاتىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. 8 لېكىن سىلەر
‹ خوجام› دەپ ئاتالماڭلار، چۈنكى مۇئەللىمىڭلار بىردۇر ۋە ھەممەڭلار بۇرادەرسىلەر. 9 يەر
يۈزىدە ھېچكىمنى ‹ ئاتا› دېمەڭلار، چۈنكى ئاتاڭلار بىردۇر ۋە ئۇ ئاسمانلاردىدۇر. 10 ئۆزۈڭلارنى
‹ ئۇستاز› دەپ ئاتالدۇرماڭلار، چۈنكى ئۇستازىڭلار بىردۇر، يەنى مەسىھ. 11 ئەمما ئاراڭلاردىكى

چوڭراقى خىزمەتكارىڭلار بولسۇن. [12] كىمكى ئۆزىنى ئېگىز تۇتسا، تۆۋەن بولىدۇ ۋە كىمكى
ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسا، ئېگىز بولىدۇ.
[13] لېكىن ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر. ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقىنى
ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئېتىپ قويىسىلەر. چۈنكى ئۆزۈڭلار كىرمەيسىلەر ۋە كىرىدىغانلارنى
كىرگىلى قويمايسىلەر.
[14] ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر. سىلەر تۇل خوتۇنلارنىڭ ئۆيلىرىنى
يەپ، نىقابلىنىپ ئۇزۇن دۇئالار ئوقۇيدۇ. سىلەر قاتتىقراق ھۆكۈم تاپىسىز.
[15] ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر، چۈنكى بىر كىشىنى ئىمانغا
كەلتۈرمەك ئۈچۈن دېڭىزنى ۋە قۇرۇقلۇقنى كېزىسىلەر. بىرى چىقىپ قالسا، ئۇنى ئۆزۈڭلاردىن
ئىككى مەرتىۋە ئوشۇق دوزاخنىڭ بالىسى قىلىسىلەر.
[16] ۋاي سىلەرگە، ئەي كور باشلىغۇچىلار، يەنى ‹ بىركىم بەيتىنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلسا،
ھېچنېمە ئەمەس، لېكىن بىركىم بەيتتىكى ئالتۇننىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلسا، قەرزدار بولىدۇ›
دەپ ئېيتقۇچىلار. [17] ئەي ئەخمەق ۋە كورلار، قايسى ئۇلۇغدۇر ئالتۇنمۇ ياكى ئالتۇننى
مۇقەددەس قىلغان بەيتمۇ؟ [18] ‹ بىركىم قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلسا، ھېچنېمە
ئەمەس، لېكىن بىركىم قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدىكى قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلسا،
قەرزدار بولىدۇ› دەيسىلەر. [19] ئەي كورلار، قايسى ئۇلۇغدۇر، قۇربانلىقمۇ ياكى قۇربانلىقنى
مۇقەددەس قىلغان قۇربانگاھمۇ؟ [20] ئۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە قەسەم
قىلسا، شۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ۋە ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلىدۇ. [21] كىمكى بەيتنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلسا، شۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ۋە
ئۇنىڭ ئىچىدە ماكان تۇتقۇچىنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلىدۇ. [22] كىمكى ئاسماننىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلسا، خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئۈستىدە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىنىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلىدۇ.
[23] ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر، چۈنكى يالپۇز ۋە ئارپىبەدىيان
ۋە زىرىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى بېرىسىلەر ئەمما تەۋراتنىڭ زۆرۈرىنى، يەنى ئادالەتنى ۋە
رەھىمنى ۋە ئىماننى قويىسىلەر. بىرىنى قىلماق كېرەك، يەنە بىرىنى قىلماسلىق بولمايدۇ.
[24] ئەي پاشىنى سۈزۈپ، تۆگىنى يۇتىدىغان كور باشلىغۇچىلار!
[25] ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر، پىيالىنىڭ ۋە تاۋاقنىڭ سىرتىنى
يۇيىسىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچى تالىماقلىق ۋە ھېرىسلىقنىڭ ئولجىسى بىلەن تولغاندۇر. [26] ئەي
كور پەرىسىي، ئاۋۋال پىيالىنىڭ ئىچىنى پاكىز قىلغىن، شۇنداقتا سىرتى ھەم پاكىز بولىدۇ.
[27] ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر، تاشقىرىدىن چىرايلىق كۆرۈنۈپ،
ئىچكىرىدىن ئۆلۈك سۆڭەكلىرى ۋە ھەر خىل نىجاسەت بىلەن تولۇقلۇق ئاقارتىلغان
قەبرىلەرگە ئوخشايسىلەر. [28] شۇنداق سىلەر ھەم تاشقىرىدىن ئادەملەرگە ئادىل كۆرۈنىسىلەر،
لېكىن ئىچكىرىدىن رىيا ۋە گۇناھ بىلەن تولغاندۇرسىلەر.

29 ۋاي سىلەرگە، ئەي رىيا قىلغۇچى كاتىپلار ۋە پەرىسىيلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى
ياساپ، سادىقلارنىڭ گۆرىستانلىرىنى زىننەتلەندۈرۈپ: 30 ‹ ئەگەر ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
كۈنلىرىدە بولغان بولساق، ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشلىرىگە شېرىك بولماس
ئىدۇق› دەپ ئېيتىسىلەر. 31 بۇنىڭ بىلەن ئۆز توغراڭلاردا پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ
باللىرى بولغىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىسىلەر. 32 سىلەر ھەم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئۆلچىمىنى
تولدۇرۇڭلار. 33 ئەي يىلان ۋە زەھەرلىك يىلانزادىلىرى، دوزاخنىڭ ھۆكۈمىدىن قانداق قاچالايسىلەر؟
34 مانا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر ۋە كاتىپلار ئەۋەتىمەن. بەزىلىرىنى
ئۆلتۈرۈپ، كرېستكە تارتىسىلەر ۋە بەزىلىرىنى سىناگوگلىرىڭلاردا قامچىلاپ، شەھەردىن شەھەرگە
قوغلايسىلەر، 35 شۇنداق قىلىپ، زېمىنگە تۆكۈلگەن ئاق كۆڭۈللەرنىڭ قېنىنىڭ ھەممىسى، سادىق
ھابىلنىڭ قېنىدىن تارتىپ ئۆزۈڭلار بەيت بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئارىسىدا قاتىللىق قىلغان زەكەرىيا
ئىبن-بەرەكىيانىڭ قېنىغىچە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا كېلىدۇ. 36 بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن:
بۇنىڭ ھەممىسى بۇ نەسلىنىڭ ئۈستىگە كېلىدۇ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ يېرۇسالېم ئۈچۈن نالە قىلىشى

37 ئەي يېرۇسالېم، ئەي يېرۇسالېم، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ساڭا ئەۋەتىلگەنلەرنى چالما-
كېسەك قىلغۇچى! توخۇ ئۆز چۆجىلىرىنى قاناتلىرىنىڭ تېگىگە يىغقاندەك، نەچچە مەرتىۋە
باللىرىڭنى يىغقىلى خالىدىم. ئەمما سىلەر خالىمىدىڭلار. 38 مانا، ئۆيۈڭلار سىلەرگە ۋەيران
قويۇلىدۇ. 39 چۈنكى سىلەرگە ئېيتىمەنكى، مۇندىن كېيىن: سىلەر ‹ خۇداۋەندىنىڭ نامىدا
كېلىدىغان مۇبارەكتۇر› دېمىگۈچە مېنى كۆرمەيسىلەر».

## ئاخىرقى زامانلاردىكى ئالامەتلەر

**24** 1 ئەيسا بەيت-مۇقەددەستىن چىقىپ كەتتى. شاگىرتلىرى بەيت-مۇقەددەسنىڭ
ئىمارەتلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىلى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. 2 ئۇ جاۋاب بېرىپ
ئۇلارغا ئېيتتى: «بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرمەيسىلەرمۇ؟ بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: مۇندا
يىقىتىلمايدىغان تاش تاشنىڭ ئۈستىدە قالمايدۇ».
3 ئۇ ئۆزى زەيتۇن تېغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا شاگىرتلىرى ئۆزئارا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئېيتتى: «بۇ نە ۋاقىت بولىدىغىنىنى ۋە كېلىشىڭنىڭ ۋە بۇ ئالەمنىڭ ئاخىرىنىڭ ئالامىتى نېمە
ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن». 4 ئەيسا جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاگاھ بولۇڭلار،
ھېچكىم سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، 5 چۈنكى تولا كىشى مېنىڭ ئىسمىم بىلەن كېلىپ ‹ مەن
مەسىھتۇرمەن› دەپ تولا كىشىنى ئازدۇرىدۇ. 6 جەڭ شاۋقۇنلىرى بىلەن جەڭ خەۋەرلىرىنى

ئاڭلايسىلەر. ئاگاھ بولۇپ قورقماڭلار، چۈنكى بۇنىڭ بولۇشى كېرەكتۇر، لېكىن تېخى
ئاخىر ئەمەس. [7] چۈنكى تائىپە تائىپىگە ۋە مەملىكەت مەملىكەتكە قارشى قوپىدۇ ۋە يەردىن
يەرگە ئاچارچىلىقلار ۋە زىلزىلىلەر ۋەقە بولىدۇ. [8] لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى تولغاقلارنىڭ
باشلىنىشىدۇر. [9] ئۇ ۋاقىت ئۇلار سىلەرنى تەڭلىككە سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە مېنىڭ ئىسمىم
ئۈچۈن ھەممە تائىپىلەر سىلەرنى يامان كۆرىدۇ. [10] ئۇ ۋاقىت تولا كىشى تايىپ كېتىپ،
بىر-بىرىنى تۇتۇپ بېرىپ، بىر-بىرىنى يامان كۆرىدۇ. [11] تولا ساختا پەيغەمبەرلەر قوپۇپ، تولا
كىشىنى ئازدۇرىدۇ. [12] ئىسيانىنىڭ ئاشماقلىقى بىلەن تولىلارنىڭ مۇھەببىتى سوۋۇپ كېتىدۇ.
[13] لېكىن كىمكى ئاخىرغىچە سەۋر قىلسا، ئۇ ئۆزى قۇتۇلىدۇ. [14] بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئىنجىلى
ھەممە تائىپىلەرگە گۇۋاھلىق بولماق ئۈچۈن بارچە دۇنيادا جاكارلىنىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن
ئاخىرى كېلىدۇ.
[15] دانىيال پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن خەۋىرى بولغان ‹ خارابلىقنىڭ يىرگىنچى›نىڭ
مۇقەددەس ماكاندا تۇرىدىغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا — ئوقۇغۇچى شۇنى پەملىسۇن — [16] ئۇ
ۋاقىت يەھۇدىيەدىكىلەر تاغلارغا قاچسۇن. [17] ئۆگزىدىكىلەر ئۆيدىن بىر نەرسە ئالغىلى
چۈشمىسۇن. [18] ئېكىن يېرىدىكىلەر ئۆز لىباسىنى ئالغىلى يانمىسۇن. [19] ئەمما ۋاي ئۇ
كۈنلەردە ھامىلىدار بولغانلارغا ۋە ئېمىتىدىغانلارغا! [20] لېكىن دۇئا قىلىڭلاركى، قېچىشىڭلار
قىشتا ياكى شابات كۈنىدە بولمىسۇن. [21] چۈنكى ئۇ ۋاقىت دۇنيانىڭ دەسلىپىدىن تارتىپ
مۇشۇ چاغقىچە ۋەقە بولمىغان ۋە كېيىن ھەم بولمايدىغان چوڭ تەڭلىك بولىدۇ. [22] ئەگەر
ئۇ كۈنلەر قىسقارتىلمىسا ئىدى، ھېچبىر ئادەم قۇتۇلماس ئىدى. لېكىن ئىلغانغانلار ئۈچۈن
ئۇ كۈنلەر قىسقارتىلىدۇ. [23] ئۇ ۋاقىت بىرى سىلەرگە: ‹ مانا مەسىھ مۇندا ياكى ئاندادۇر›
دېسە، ئىشەنمەڭلار. [24] چۈنكى ساختا مەسىھلەر ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر قوپۇپ چوڭ ئالامەت
ۋە مۆجىزىلەر قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئىلغانغانلارنى ھەم ئازدۇرىدۇ.
[25] مانا ئىلگىرىدىن سىلەرگە خەۋەر بەردىم. [26] ئۇلار ‹ مانا باياۋاندىدۇر› دېسە، چىقماڭلار، ‹
مانا خىلۋەت ئۆيلەردىدۇر› دېسە، ئىشەنمەڭلار. [27] چۈنكى چېقىن شەرقتىن چىقىپ، غەربكىچە
كۆرۈنگەندەك ئىبن ئال-ئىنساننىڭ كېلىشى شۇنداق بولىدۇ. [28] ئۆلۈك بەدەن نە يەردە بولسا،
قارىقۇشلار ئاندا يىغىلىدۇ.
[29] ئەمما ئۇ كۈنلەرنىڭ تەڭلىكى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتتا ئاپتاپ قاراڭغۇ بولىدۇ ۋە ئاي ئۆز
يورۇقلۇقىنى بەرمەيدۇ ۋە يۇلتۇزلار كۆكتىن چۈشىدۇ ۋە ئاسمانلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى تەۋرىنىدۇ.
[30] ئاندىن كېيىن ئاسماندا ئىبن ئال-ئىنساننىڭ ئالامىتى كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇ ۋاقىت يەر يۈزىدىكى
ھەممە قەبىلىلەر پەرياد قىلىدۇ ۋە ئۇلار نەزەر سېلىپ باقسا، ئىبن ئال-ئىنسان تولا قۇدرەت
ۋە شان-شەرەپ بىلەن ئاسمان بۇلۇتلىرى ئۈستىدە كېلىدۇ. [31] ئۇ ئۆز پەرىشتىلىرىنى چوڭ
كاناي ئۈنى بىلەن ئەۋەتىدۇ ۋە ئۇلار ئۇنىڭ ئىلغانغانلىرىنى ئاسماننىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر
بېشىغىچە تۆت تەرىپىدىن يىغىدۇ. [32] ئەمدى ئەنجۈر دەرىخىدىن شۇ تەمسىلنى ئۆگىنىڭلار:
ئۇنىڭ شاخلىرى يۇمشاپ، ياپراق چىقارغاندا يازنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر.

33 شۇنداق ھەم سىلەر بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەندە، بۇ يېقىن بولۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا
تۇرىدۇ دەپ بىلىڭلار. 34 بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: بۇنىڭ ھەممىسى ۋەقە بولمىغۇچە بۇ
نەسىل ئۆتمەيدۇ. 35 ئاسمان ۋە يەر يوقىلىدۇ، لېكىن مېنىڭ سۆزلىرىم ھەرگىز يوقالمايدۇ.

## كۈننى ۋە سائەتنى پەقەت ئاتا بىلىدۇ

36 ئەمما ئۇ كۈننى ۋە ئۇ سائەتنى پەقەت مېنىڭ ئاتام بىلىدۇ. ئۇندىن باشقا، خاھى ئاسمانلارنىڭ
پەرىشتىلىرى بولسا، خاھى ئوغۇل بولسا ھېچكىم بىلمەيدۇ. 37 لېكىن نۇھنىڭ كۈنلىرىدەك
ئىبن ئال-ئىنساننىڭ كېلىشى ھەم شۇنداق بولىدۇ. 38 چۈنكى توپاننىڭ ئىلگىرىكى كۈنلىرىدە
نۇھ كېمىگە كىرگەن كۈنگىچە ئۇلار يەپ-ئىچىپ، خوتۇن ئېلىپ ئەرگە تېگىپ تۇرغاندەك
39 ۋە توپان كېلىپ، ھەممىسىنى بېسىۋېلىپ كەتكۈچە ئۇلار ھېچنېمە بىلمىگەندەك ئىبن
ئال-ئىنساننىڭ كېلىشى ھەم شۇنداق بولىدۇ. 40 ئۇ ۋاقىت ئېتىزدىكى ئىككى كىشىنىڭ
بىرى ئېلىنىدۇ، يەنە بىرى قويۇلىدۇ. 41 يارغۇنچاق تارتىپ تۇرىدىغان ئىككى خوتۇننىڭ بىرى
ئېلىنىدۇ، يەنە بىرى قويۇلىدۇ. 42 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويغاق تۇرۇڭلار، چۈنكى خۇداۋەندەڭلارنىڭ
قايسى كۈندە كېلىدىغىنىنى بىلمەيسىلەر.
43 ئەمما بۇنى بىلىڭلاركى، ئۆي خوجايىنى كېچىسى قايسى جېسەكتە ئوغرىنىڭ كېلىدىغىنىنى
بىلسە ئىدى، ئويغاق تۇرۇپ، ئۆز ئۆيىنى تەشكىلى قويماس ئىدى. 44 ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەم
تەييار تۇرۇڭلار، چۈنكى سىلەر ئويلىمىغان سائەتتە ئىبن ئال-ئىنسان كېلىدۇ.

## ئىشەنچلىك ۋە دانا قۇل

45 ئەمدى خوجىسى ئۆز ئۆي خەلقىنىڭ ئۈستىدە ۋاقتىدا ئۇلارغا غىزا بەرمەك ئۈچۈن قويغان
ئىشەنچلىك ۋە دانا قۇل كىمدۇر؟ 46 ئۇنىڭ خوجىسى كەلگەندە ئۇنى شۇنداق قىلىپ تۇرۇشىدا
تاپسا، ئۇ قۇل مۇبارەكتۇر! 47 بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ئۇ ئۇنى ھەممە تەئەللۇقىنىڭ
ئۈستىگە قويىدۇ. 48 لېكىن يامان قۇل بولسا ئۆز كۆڭلىدە: ‹ خوجام ئۈزۈندىراق كېلىدۇ›
دەپ، 49 ئۆز قۇل رەپىقلىرىنى ئۇرۇپ، شارابخورلار بىلەن يەپ-ئىچكىلى تۇرسا، 50 ئۇ قۇلنىڭ
خوجىسى ئۇ مۇنتەزىر بولمىغان كۈنى ۋە بىلمىگەن سائەتتە كېلىپ، 51 ئۇنى پارە قىلىپ،
نېسىپىنى رىيا قىلغۇچىلار بىلەن توختىتىپ بېرىدۇ. ئاندا يىغا ۋە چىش غۇچۇرلىتىش بولىدۇ.

## تويغا چىققان ئون قىز توغرىسىدىكى تەمسىل

25 1 ئۇ ۋاقىت ئاسمانلارنىڭ پادىشاھلىقى ئۆز چىراغلىرىنى ئېلىپ، توي يىگىتىنىڭ ئالدىغا
چىققان ئون قىزغا ئوخشايدۇ. 2 ئۇلارنىڭ بەشى نادان ۋە بەشى دانا ئىدى. 3 نادانلار ئۆز

چىراغلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى بىلەن ياغ ئالمىدى. 4 لېكىن دانالار چىراغلىرى بىلەن ئۆز قاچىلىرىدا
ياغ ئېلىپ چىقتى. 5 توي يىگىتى كەچ قالغاندا ھەممىسى مۈگدەپ ئۇخلاپ قالدى.
6 ئەمما كېچىنىڭ يېرىمىدا: ‹ مانا توي يىگىتى كەلدى! ئالدىغا چىقىڭلار› دەپ بىر ئاۋاز چىقتى.
7 ئۇ ۋاقىت قىزلارنىڭ ھەممىسى قوپۇپ، چىراغلىرىنى راستلىدى. 8 نادانلار دانالارغا ئېيتتى:
‹ بىزگە يېغىڭلاردىن بېرىڭلار، چۈنكى چىراغلىرىمىز پەسلەپ قالدى›. 9 لېكىن دانالار جاۋاب
بېرىپ ئېيتتى: ‹ بىزگە ۋە سىلەرگە ھەرگىز يەتمەيدۇ، بەلكى بېرىپ، ساتقۇچىلاردىن ئۆزۈڭلارغا
سېتىۋېلىڭلار›. 10 ئۇلار ئالغىلى بارغىنىدا توي يىگىتى كەلدى ۋە تەييار تۇرغانلار ئۇنىڭ بىلەن
تويغا كىردى ۋە ئىشىك ئېتىلدى. 11 ئاندىن كېيىن قالغان قىزلار ھەم كېلىپ: ‹ ئەي خوجا،
ئەي خوجا، بىزگە ئېچىپ بەرگىن› دەپ ئېيتتى. 12 لېكىن ئۇ ئۆزى: ‹ بەرھەق، سىلەرگە
ئېيتىمەن: سىلەرنى تونۇمايمەن› دەپ جاۋاب بەردى. 13 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويغاق تۇرۇڭلار، چۈنكى
كۈن ۋە سائەتنى بىلمەيسىلەر.

## قۇللار ۋە ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان تالانتلار توغرىسىدىكى تەمسىل

14 شۇنداق ھەم باشقا يۇرتقا سەپەر قىلماقچى بىر ئادەم ئۆز قۇللىرىنى قىچقىرىپ ئۆز مېلىنى
ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، 15 ھەربىرىگە ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ بىرىگە بەش تالانت، بىرىگە ئىككى
تالانت ۋە يەنە بىرىگە بىر تالانت بېرىپ، سەپەرگە چىقتى. 16 بەش تالانتنى ئالغان كىشى
دەرھال بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ، يەنە بەش تالانت پايدا تاپتى. 17 شۇنداق ھەم
ئىككى تالانتنى ئالغان كىشى يەنە ئىككى تالانت پايدا تاپتى. 18 لېكىن بىر تالانتنى ئالغان
كىشى بېرىپ، يەرنى كولاپ، خوجىسىنىڭ كۈمۈشىنى يوشۇرۇپ قويدى. 19 ئەمما ئۇزۇن
ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ قۇللارنىڭ خوجىسى كېلىپ، ئۇلاردىن ھېساب سورىدى. 20 بەش تالانتنى
ئالغان كىشى كېلىپ، يەنە بەش تالانت كەلتۈرۈپ، ئېيتتى: ‹ ئەي خوجا، ماڭا بەش تالانت
تاپشۇردۇڭ، مانا يەنە بەش تالانت پايدا تاپتىم›. 21 خوجىسى ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئاپىرىن، ئەي
ياخشى ۋە ئىشەنچلىك قۇل، ئازدا ئىشەنچلىك بولدۇڭ، سېنى تولىسىنىڭ ئۈستىگە قويىمەن.
خوجاڭنىڭ خۇشاللىقىغا كىرگىن›. 22 ئىككى تالانتنى ئالغان كىشى ھەم كېلىپ ئېيتتى: ‹
ئەي خوجا، ماڭا ئىككى تالانت تاپشۇردۇڭ. مانا يەنە ئىككى تالانت پايدا تاپتىم›. 23 خوجىسى
ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئاپىرىن، ئەي ياخشى ۋە ئىشەنچلىك قۇل، ئازدا ئىشەنچلىك بولدۇڭ، سېنى
تولىسىنىڭ ئۈستىگە قويىمەن. خوجاڭنىڭ خۇشاللىقىغا كىرگىن›.
24 لېكىن بىر تالانتنى ئالغان كىشى ھەم كېلىپ ئېيتتى: ‹ ئەي خوجا، سېنى قاتتىق ئادەم بولۇپ،
ئۆزى تېرىمىغان يەردىن ئورۇپ، ئۆزى چاچمىغان يەردىن يىغقۇچى دەپ بىلىپ، 25 قورقۇپ،
بېرىپ تالانتىڭنى يەردە يوشۇرۇپ قويدۇم. مانا سېنىڭكى!› 26 ئەمما خوجىسى جاۋاب بېرىپ
ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ ئەي يامان ۋە ھورۇن قۇل، مېنى ئۆزى تېرىمىغان يەردىن ئورۇپ، ئۆزى
چاچمىغان يەردىن يىغقۇچى دەپ بىلدىڭمۇ؟ 27 ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كۈمۈشۈمنى سەرراپلارغا

تاپشۇرماقلىقىڭ كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلساڭ ئىدى، مەن كەلگەندە مېنىڭكىنى پايدىسى
بىلەن قوشۇۋالاتتىم. 28 ئۇنىڭ ئۈچۈن تالانتنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئون تالانتى بار كىشىگە
بېرىڭلار. 29 چۈنكى ھەركىمنىڭكى بار بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيادە بولغاي.
ئەمما كىمنىڭكى يوق بولسا، بارى ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنغاي. 30 ئۇ پايدىسىز قۇلنى تاشقىرىقى
قاراڭغۇلۇققا تاشلاڭلار. ئاندا يىغا ۋە چىش غۇچۇرلىتىش بولىدۇ›.

## قويلار ۋە ئۆچكىلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈم

31 ئىبن ئال-ئىنسان ئۆز شان-شەرىپىدە ھەممە پەرىشتىلەر بىلەن كەلگەندە ئۇ ۋاقىت ئۆز
شان-شەرىپىنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدۇ. 32 ھەممە تائىپىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلىدۇ ۋە ئۇ
ئۇلارنى پادىچى قويلارنى ئۆچكىلەردىن ئايرىغاندەك بىر-بىرىدىن ئايرىپ، 33 قويلارنى ئوڭ
يېنىدا ۋە ئۆچكىلەرنى سول يېنىدا تۇرغۇزىدۇ.
34 ئۇ ۋاقىت پادىشاھ ئوڭ يېنىدىكىلەرگە ئېيتىدۇ: ‹ كېلىڭلار، ئەي ئاتامنىڭ مۇبارەكلىرى،
دۇنيانىڭ ئۇلى سېلىنغىنىدىن بېرى سىلەر ئۈچۈن تەييار قىلىنغان پادىشاھلىقنى مىراس
ئېلىڭلار. 35 چۈنكى مەن ئاچ قالدىم، ماڭا يېگۈزدىڭلار. ئۇسسىدىم ماڭا ئىچۈردۈڭلار. مۇساپىر
ئىدىم، مېنى قوندۇردۇڭلار. 36 يالىڭاچ ئىدىم ماڭا كىيدۇردۇڭلار. كېسەل ئىدىم، مېنى
يوقلىدىڭلار. زىنداندا ئىدىم، قېشىمغا كەلدىڭلار›.
37 ئۇ ۋاقىت ئادىللار جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: ‹ ئەي خۇداۋەندە، قاچان سېنى ئاچ كۆرۈ، ساڭا
يېگۈزدۇق ياكى ئۇسسىغان كۆرۈپ ساڭا ئىچۈردۇق؟ 38 قاچان سېنى مۇساپىر كۆرۈپ
قوندۇردۇق ياكى يالىڭاچ كۆرۈپ ساڭا كىيدۇردۇق؟ 39 قاچان سېنى كېسەل ياكى زىنداندا
كۆرۈپ قېشىڭغا كەلدۇق؟› 40 پادىشاھ جاۋاب بېرىپ ئۇلارغا ئېيتىدۇ: ‹ بەرھەق، سىلەرگە
ئېيتىمەن: ھەرنېمىكى شۇ ھەممىدىن كىچىك بۇرادەرلىرىمنىڭ بىرىگە قىلغان بولساڭلار، ماڭا
قىلدىڭلار›.
41 ئاندىن كېيىن ئۇ سول يېنىدىكىلەرگە ئېيتىدۇ: ‹ ئەي مەلئۇنلار، مېنىڭ ئالدىمدىن كېتىپ،
شەيتان ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ئۈچۈن تەييار قىلىنغان ئەبەدىي ئوتقا بېرىڭلار. 42 چۈنكى
مەن ئاچ قالدىم. ماڭا يېگۈزمىدىڭلار. ئۇسسىدىم، ماڭا ئىچۈرمىدىڭلار. 43 مۇساپىر ئىدىم،
مېنى قوندۇرمىدىڭلار. يالىڭاچ ئىدىم، ماڭا كىيدۇرمىدىڭلار. كېسەل ۋە زىنداندا ئىدىم، مېنى
يوقلىمىدىڭلار›.
44 ئۇ ۋاقىت ئۇلار ھەم جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: ‹ ئەي خۇداۋەندە، قاچان سېنى ئاچ يا ئۇسسىغان
يا مۇساپىر يا يالىڭاچ يا كېسەل يا زىنداندا كۆرۈپ ساڭا خىزمەت قىلمىدۇق؟› 45 ئۇ ۋاقىت
ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: ‹ بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: ھەرنېمىكى شۇ ھەممىدىن
كىچىك بۇرادەرلىرىمنىڭ بىرىگە قىلمىغان بولساڭلار، ماڭا ھەم قىلمىدىڭلار›. 46 بۇلار ئەبەدىي
ئازابقا، لېكىن ئادىللار ئەبەدىي ھاياتلىققا بارىدۇ».

## ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

26 [1] ۋەقە بولدىكى، ئەيسا بۇ سۆزلەرنى تامام قىلغاندا شاگىرتلىرىغا ئېيتتى: [2] «ئىككى
كۈندىن كېيىن پاسخا ھېيتى بولىدۇ دەپ بىلىسىلەر. شۇ چاغدا ئىبن ئال-ئىنسان
كرېستكە تارتىلماق ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدۇ». [3] ئۇ ۋاقىت باش كاھىنلار ۋە قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرى
قاياپا ئىسىملىق ئۇلۇغ كاھىننىڭ ھويلىسىغا يىغىلىپ، [4] ئەيسانى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ
ئۆلتۈرگىلى مەسلىھەت قىلىشتى. [5] «لېكىن ھېيتتا بولمىسۇن. بولمىسا خەلقنىڭ ئارىسىدا
غەلۋە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئېيتىشتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ قىممەت باھا ياغ بىلەن ياغلىنىشى

[6] ئەيسا بەيتانيادا پېسە سىموننىڭ ئۆيىدە بولۇپ، [7] داستىخاندا ئولتۇرغاندا بىر خوتۇن بىر
ئاق قاشتېشى شېشىدە قىممەت باھا ياغ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى بېشىغا تۆكتى.
[8] شاگىرتلار بۇنى كۆرگەندە خاپا بولۇپ ئېيتتى: «نېمە ئۈچۈن بۇ ئىسراپ بولدى؟ [9] چۈنكى
بۇ ياغ قىممەت باھاغا سېتىلىپ پېقىرلارغا بېرىلسە بولاتتى». [10] ئەيسا بۇنى بىلىپ ئۇلارغا
ئېيتتى: «نېمىشقا خوتۇننى غەمكىن قىلىسىلەر؟ چۈنكى ئۇ ماڭا ياخشى بىر ئىش قىلدى.
[11] مانا پېقىرلار ھەمىشە سىلەر بىلەندۇر، لېكىن مەن ھەمىشە سىلەر بىلەن ئەمەسمەن.
[12] چۈنكى ئۇ بۇ خۇشبۇي ياغنى بەدىنىمنىڭ ئۈستىگە تۆككىنى بىلەن مېنى دەپنە قىلىنىشقا
تەييار قىلدى. [13] بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن: پۈتۈن دۇنيادا نە يەردە بۇ ئىنجىل جاكارلانسا،
ئۇنىڭ شۇ قىلغىنى ھەم ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تىلغا ئېلىنىدۇ».

## يەھۇدانىڭ ئەيسا مەسىھكە ساتقۇنلۇق قىلىشى

[14] ئۇ ۋاقىت ئون ئىككىلەرنىڭ بىرى ئىشقاريوت دەپ ئاتالغان يەھۇدا باش كاھىنلارنىڭ
قېشىغا بېرىپ، [15] ئېيتتى: «ئۇنى سىلەرگە تۇتۇپ بەرسەم، ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟» ئۇلار
ئۇنىڭغا ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگە تارتىپ بەردى. [16] شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇ ئۇنى تۇتۇپ بەرگىلى
مۇناسىپ پۇرسەت ئىزدىدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئون ئىككىلەر بىلەن پاسخا تائامىنى يېيىشى

[17] پېتىر نان ھېيتىنىڭ ئاۋۋالقى كۈنى شاگىرتلار ئەيسانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېيتتى: «پاسخا
تائامىنى يېگىلى سەن ئۈچۈن نە يەردە تەييار قىلىشىمىزنى خالايسەن؟» [18] ئۇ ئېيتتى:
«شەھەرگە كىرىپ، پالانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار: ‹ ئۇستاز: ۋاقتىم يېقىنلاشتى،
شاگىرتلىرىم بىلەن سېنىڭكىدە پاسخانى قىلاي، دېپ ئېيتىدۇ›». [19] شاگىرتلار ئەيسا ئۇلارغا

بۇيرۇغاندەك قىلىپ، پاسخا قوزىسىنى تەييار قىلدى. 20 ئاخشام بولغاندا ئۇ ئون ئىككىلەر
بىلەن داستىخاندا ئولتۇردى. 21 ئۇلار يېگىنىدە ئۇ ئېيتتى: «بەرھەق، سىلەرگە ئېيتىمەن:
سىلەردىن بىرى مېنى تۇتۇپ بېرىدۇ». 22 ئۇلار تولا غەمكىن بولۇپ ھەربىرى ئۇنىڭغا: «ئەي
خۇداۋەندە، ئۇ مەن بولامدىمەن؟» دېگىلى باشلىدى. 23 ئۇ جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «مەن بىلەن
قاچىغا قولىنى تۆگۈرگەن كىشى مېنى تۇتۇپ بېرىدۇ. 24 ئىبنى ئال-ئىنسان ئۆز توغرىسىدا
پۈتۈلگەندەك كېتىدۇ، لېكىن ۋاي، ئەي ئىبنى ئال-ئىنساننىڭ تۇتۇپ بېرىلىشىگە ۋاستە
بولغان ئادەمگە! ئۇ ئادەم تۇغۇلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى بولاتتى». 25 ئۇ ۋاقىت ئۇنى
تۇتۇپ بەرگۈچى يەھۇدا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئەي ئۇستاز، ئۇ مەن بولامدىمەن؟» ئۇ ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «سەن ئۆزۈڭ ئېيتتىڭ».

## ئەيسا مەسىھنى ياد قىلماق ئۈچۈن ناندىن يېيىش ۋە پىيالىدىن ئىچىش

26 ئۇلار تائام يېگىنىدە ئەيسا بىر ناننى ئېلىپ دۇئا ئوقۇپ، ئۇنى ئوشتۇپ شاگىرتلارغا بېرىپ
ئېيتتى: «ئېلىپ يەڭلار، بۇ مېنىڭ بەدىنىمدۇر». 27 ئۇ بىر جامنى ئېلىپ شۈكۈر ئېيتىپ،
ئۇلارغا بېرىپ ئېيتتى: «ھەممەڭلار بۇنىڭدىن ئىچىڭلار. 28 چۈنكى تولىلار ئۈچۈن گۇناھلارنىڭ
ئەپۇسىغا تۆكۈلىدىغان قېنىم، يەنى ئەھدىنىڭ قېنى بۇدۇر. 29 ئەمما سىلەرگە ئېيتىمەن:
مۇندىن كېيىن ئاتامنىڭ پادىشاھلىقىدا سىلەر بىلەن ئۇنى يېڭىدىن ئىچىدىغان كۈنگىچە
ئۈزۈم تېلىنىڭ شۇ مېۋىسىدىن ھەرگىز ئىچمەيمەن». 30 ئۇلار ھەمد شېئىرىنى ئوقۇغاندىن
كېيىن زەيتۇن تېغىغا چىقتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ پېترۇس ئۇنى ئىنكار قىلىشىنى ئالدىن ئېيتىشى

31 ئۇ ۋاقىت ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «ھەممەڭلار بۇ كېچە مەندىن تايىسىلەر، چۈنكى ‹پادىچىنى
ئۇرىمەن ۋە پادىنىڭ قويلىرى پاراكەندە بولىدۇ› دەپ پۈتۈلگەندۇر. 32 لېكىن مەن تىرىلىپ
قوپۇرۇلغاندىن كېيىن سىلەردىن ئىلگىرى گالىلىيەگە بارىمەن». 33 پېترۇس جاۋاب بېرىپ
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ھەممىسى سەندىن تايسا ھەم، مەن ھەرگىز تايمايمەن». 34 ئەيسا ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «بەرھەق، ساڭا ئېيتىمەنكى، بۇ كېچە خوراز چىللىماستىن ئىلگىرى مېنى ئۈچ
مەرتىۋە ئىنكار قىلىسەن». 35 پېترۇس ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن بىلەن ئۆلسەم ھەم، سېنى
ھەرگىز ئىنكار قىلمايمەن». ھەممە شاگىرتلار شۇنداق ئېيتىشتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ گېتسىمانەدە دۇئا قىلىشى

36 ئۇ ۋاقىت ئەيسا ئۇلار بىلەن گېتسىمانە دېگەن بىر باغقا كېلىپ، شاگىرتلارغا ئېيتتى:
«مەن ئۇ يەرگە بېرىپ دۇئا قىلىپ بولغۇچە مۇندا قېلىڭلار». 37 ئۆزى بىلەن پېترۇسنى ۋە
زەبەدىينىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ، غەم قىلىپ تولا بىئارام بولغىلى تۇردى. 38 ئۇ ئۇلارغا
ئېيتتى: «جېنىم ئۆلگۈدەك تولا غەمكىندۇر. مۇندا قېلىپ مەن بىلەن ئويغاق تۇرۇڭلار».
39 ئاندىن ئىلگىرىرەك بېرىپ، يۈزى تۆۋەن يىقىلىپ دۇئا قىلىپ ئېيتتى: «ئەي ئاتا، مۇمكىن
بولسا، بۇ پىيالە مەندىن ئۆتسۇن. لېكىن مەن خالىغاندەك ئەمەس، بەلكى سەن خالىغاندەك
بولسۇن». 40 ئۇ شاگىرتلارغا يېنىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۇخلاغلىق تېپىپ پېترۇسقا ئېيتتى:
«مانا مەن بىلەن بىر سائەت ئويغاق تۇرالمىدىڭلارمۇ؟ 41 ئويغاق تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلاركى،
سىناققا چۈشمىگەيسىلەر. روھ ھازىر لېكىن جىسىم زەئىپتۇر».
42 يەنە ئىككىنچى مەرتىۋە بېرىپ، دۇئا قىلىپ ئېيتتى: «ئەي ئاتام، مەن ئۇنى ئىچمىگۈچە
بۇ پىيالە مەندىن ئۆتەلمىسە، سېنىڭ ئىرادەڭدەك بولسۇن». 43 ئۇ كېلىپ، يەنە ئۇلارنى
ئۇخلاغلىق تاپتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېغىرلاشقانىدى.
44 ئۇ ئۇلارنى قويۇپ يەنە بېرىپ، ئۈچىنچى مەرتىۋە دۇئا قىلىپ يەنە ئۇ سۆزلەرنى ئېيتتى.
45 ئاندىن كېيىن شاگىرتلارغا يېنىپ كېلىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئەمدى ئۇخلاپ راھەت ئېلىڭلار.
مانا سائەت يېقىنلىشتى ۋە ئىبن ئال-ئىنسان گۇناھكارلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ.
46 قوپۇڭلار كېتەيلى، مانا مېنى تۇتۇپ بەرگۈچى يېقىن كەلدى».

## ئەيسا مەسىھنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

47 ئۇ تېخى سۆز قىلىپ تۇرغىنىدا، مانا ئون ئىككىلەرنىڭ بىرى يەھۇدا ۋە ئۇنىڭ بىلەن باش
كاھىنلاردىن ۋە قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئەۋەتىلگەن چوڭ بىر توپ خەلق قىلىچ ۋە ھاسا
بىلەن كەلدى. 48 ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچى ئۇلارغا بىر بەلگە بېرىپ: ‹ كىمنى سۆيسەم ئۇدۇر. ئۇنى
تۇتۇڭلار› دەپ ئېيتقانىدى. 49 ئۇ دەرھال ئەيسانىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئاسسالام، ئەي ئۇستاز»
دەپ ئۇنى سۆيدى. 50 ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي دوستۇم، نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئۇ ۋاقىت
ئۇلار ئالدىغا بېرىپ، قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە سېلىپ ئۇنى تۇتتى. 51 ۋە مانا، ئەيسا بىلەن
بولغانلاردىن بىرى قولىنى ئۇزىتىپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۇلۇغ كاھىننىڭ قۇلىنى ئۇرۇپ
قۇلىقىنى كەستى. 52 ئۇ ۋاقىت ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قىلىچىڭنى غىلىپىغا سالغىن،
چۈنكى قىلىچ تارتقانلارنىڭ ھەممىسى قىلىچ بىلەن ھالاك بولىدۇ. 53 ياكى ئەمدى ئۆز يېنىمدا
تۇرغىلى ئون ئىككى تۈمەندىن زىيادە پەرىشتىلەر بېرىشنى ئۆز ئاتامدىن تىلىيەلەيدىغىنىمنى
بىلمەمسەن؟ 54 لېكىن ئۇنداق بولسا، ‹ شۇنداق بولۇشى كېرەكتۇر› دەپ خەۋەر بەرگەن
مۇقەددەس يازمىلار قانداق بەجا كەلتۈرۈلەتتى؟»

[55] شۇ سائەتتە ئەيسا خەلققە ئېيتتى: «بۇلاڭچى ئۇستىگە چىققاندەك مېنى تۇتقىلى قىلىچ
ۋە تاياق بىلەن چىقتىڭلار. ھەر كۈن بەيت-مۇقەددەستە ئولتۇرۇپ تەلىم بېرەتتىم ۋە مېنى
تۇتمىدىڭلار. [56] لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىلىرى بەجا
كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ۋەقە بولدى». ئۇ ۋاقىت ھەممە شاگىرتلار ئۇنى قويۇپ قاچتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئالىي كېڭەشىدە سوتلىنىشى

[57] ئەيسانى تۇتقانلار ئۇنى ئۇلۇغ كاھىن قاياپانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئاندا كاتىپلار ۋە
ئاقساقاللار يىغىلغانىدى. [58] لېكىن پېترۇس ئۇلۇغ كاھىننىڭ ھويلىسىغىچە يىراقتىن
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچكىرى كىرىپ، ئاخىرىنى كۆرەي دەپ، خىزمەتكارلارنىڭ ئارىسىدا
ئولتۇردى. [59] باش كاھىنلار ۋە ئالىي كېڭەشنىڭ ھەممىسى ئەيسانىڭ ئۇستىدىن ئۇنى
ئۆلتۈرگىلى يالغان گۇۋاھلىق ئىزدەيتتى. [60] تولا يالغان گۇۋاھلار قوپسا ھەم، ئۇلار ھېچنېمە
تاپمىدى. ئاخىر ئىككى يالغان گۇۋاھ قوپۇپ [61] ئېيتتى: «بۇ كىشى: ‹ مەن خۇدانىڭ بەيتىنى
يىقىتىپ، ئۈچ كۈندە ياسىيالايمەن› دېدى» دەپ ئېيتتى. [62] ئۇلۇغ كاھىن قوپۇپ ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «ھېچ جاۋاب بەرمەيسەنمۇ؟ بۇلار سېنىڭ ئۇستۇڭدىن نېمە گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟»
[63] لېكىن ئەيسا شۈك تۇرىۋەردى. ئۇلۇغ كاھىن سۆز قىلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ساڭا تىرىك
خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، سەن مەسىھ ئىبن ئاللا بولساڭ، بىزگە ئېيتقىن».
[64] ئەيسا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن ئۆزۈڭ ئېيتتىڭ. يەنە سىلەرگە ئېيتىمەنكى، مۇندىن كېيىن
ئىبن ئال-ئىنساننىڭ قۇدرەتنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاسماننىڭ بۇلۇتلىرى ئۇستىدە
كېلىدىغىنىنى كۆرىسىلەر».
[65] ئۇ ۋاقىت ئۇلۇغ كاھىن ئۆز لىباسىنى يىرتىپ ئېيتتى: «ئۇ كۇپۇر ئېيتتى، گۇۋاھلارغا يەنە
نېمە ھاجىتىمىز بار؟ مانا ئۆزۈڭلار كۇپۇر ئېيتقىنىنى ئاڭلىدىڭلار. [66] بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟»
ئۇلار جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: ئۇ ئۆلۈمگە لايىقتۇر. [67] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ
ئۇنى مۇشتلىدى ۋە بەزىلەر كاچات ئۇرۇپ [68] ئېيتتى: «ئەي مەسىھ، بىزگە پەيغەمبەرلىك
قىلغىن. سېنى ئۇرغان كىم ئىكەن؟»

## پېترۇس ئەيسا مەسىھنى ئىنكار قىلىدۇ

[69] لېكىن پېترۇس ئۆيىنىڭ تاشقىرىدا ھويلىدا ئولتۇرىۋەردى. بىر دېدەك ئۇنىڭغا كېلىپ
ئېيتتى: «سەن ھەم گالىلىيەلىك ئەيسا بىلەن ئىدىڭ». [70] ئەمما ئۇ ھەممىلەرنىڭ ئالدىدا
تېنىپ ئېيتتى: «سېنىڭ نېمە ئېيتقىنىڭنى ئۇقمايمەن». [71] ئۇ دالانغا چىققىنىدا باشقا بىر
دېدەك ئۇنى كۆرۈپ ئانداكىلەرگە ئېيتتى: «بۇ ئۆزى نازارەتلىك ئەيسا بىلەن ئىدى». [72] ئۇ يەنە:
«مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمايمەن» دەپ قەسەم بىلەن ئىنكار قىلدى. [73] ئاز مۇددەتتىن كېيىن ئاندا

تۇرغانلار كېلىپ، پېترۇسقا ئېيتتى: «شەكسىزكى سەن ھەم ئۇلاردىن بىرىدۇرسەن، چۈنكى
گەپ قىلىشىڭ ھەم سېنى ئاشكارا قىلىدۇ». 74 ئۇ ۋاقىت ئۇ: «مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمايمەن»
دەپ ئۆز-ئۆزىگە لەنەت ئوقۇپ قەسەم قىلغىلى تۇردى ۋە دەرھال خوراز چىللىدى. 75 پېترۇس:
«خوراز چىللىماستىن ئىلگىرى مېنى ئۈچ مەرتىۋە ئىنكار قىلىسەن» دەپ ئەيسا ئۆزىگە ئېيتقان
سۆزنى يادىغا كەلتۈرۈپ، تاشقىرى چىقىپ ئاچچىق يىغا بىلەن يىغلىدى.

## يەھۇدانىڭ پۇشايمان بولۇشى ۋە ئۆلۈشى

27 1 ئەتىگەن بولغاندا باش كاھىنلارنىڭ ھەممىسى ۋە قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرى ئەيساغا
قارشى ئۇنى ئۆلتۈرگىلى مەسلىھەت قىلىشتى. 2 ئۇلار ئۇنى باغلاپ، ئېلىپ بېرىپ
پىلاتۇس ۋالىيغا تاپشۇردى. 3 ئەمما ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن يەھۇدا ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىنغىنىنى
كۆرۈپ، پۇشايمان بولۇپ ئۇ ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىنى باش كاھىنلارغا ۋە ئاقساقاللارغا ياندۇرۇپ،
4 ئېيتتى: «بىگۇناھ قاننى تۇتۇپ بەرگىنىمدە گۇناھ قىلدىم». ئەمما ئۇلار ئېيتىشتى: «بىزنىڭ
نېمە كارىمىز بار؟ ئۆز ئىشىڭنى بىل». 5 ئۇ كۈمۈشنى بەيتتە تاشلاپ، ئاندىن چىقىپ بېرىپ
ئۆزىنى ئېسىپ بوغۇلۇپ ئۆلدى. 6 باش كاھىنلار كۈمۈشنى ئېلىپ: «ئۇنى مۇقەددەس-بەيت
خەزىنىسىگە تاشلىماق جايىز ئەمەس، چۈنكى قان باھاسىدۇر» دەپ 7 مەسلىھەت قىلىشىپ،
مۇساپىرلارغا گۆرىستانلىق بولسۇن دەپ، شۇنىڭغا كوزىچىنىڭ ئېكىن يېرىنى سېتىۋالدى.
8 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئېكىن يېرى بۇ كۈنگىچە «قان ئېكىن يېرى» دەپ ئاتىلىدۇ.
9 ئۇ ۋاقىت يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلدى، يەنى:
«ئۇلار ئوتتۇز پارچە كۈمۈشنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىگەن باھاسىغا، يەنى بەنى-
ئىسرائىل ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىگەن باھاسىغا 10 خۇداۋەندە ماڭا بۇيرۇغاندەك كوزىچىنىڭ
ئېكىن يېرىنى سېتىۋالدى».

## ۋالىي پىلاتۇس ئەيسا مەسىھنى سوراق قىلىدۇ

11 ئەيسا ۋالىينىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلدى ۋە ۋالىي ئۇنىڭدىن سوراپ ئېيتتى: «سەن يەھۇدىيلارنىڭ
پادىشاھىمۇسەن؟» ئەيسا ئېيتتى: «سەن ئۆزۈڭ ئېيتىسەن». 12 باش كاھىنلار بىلەن
ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغاندا ئۇ ھېچ جاۋاب بەرمىدى. 13 ئۇ ۋاقىت پىلاتۇس
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇلار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن قانچە گۇۋاھلىق بېرىشنى ئاڭلىمامسەن؟»
14 ئەمما ئۇ ھېچبىر سۆزىگە جاۋاب بەرمىدى، شۇنداقكى ۋالىي تولا ھەيران قالدى.

## پىلاتۇس ئەيسا مەسىھنى ئازاد قىلماقچى

15 ھېيتتا زىنداندىكىلەردىن بىرىنى، يەنى خەلق كىمنى خالىسا، ئازاد قىلغىلى ۋالىينىڭ
رەسمى ئىدى. 16 شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ باراباباس دەپ ئاتالغان مەشھۇر بىر مەھبۇسى بار ئىدى.
17 ئۇلار يىغىلغاندا پىلاتۇس ئۇلارغا ئېيتتى: «سىلەرگە كىمنى ئازاد قىلىشىمنى خالايسىلەر:
باراباباسنىمۇ ياكى مەسىھ دەپ ئاتالغان ئەيسانىمۇ؟» 18 چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەسەتتىن ئۇنى
تۇتۇپ بەرگىنىنى بىلەتتى. 19 ئۇ ھۆكۈم تەختىدە ئولتۇرغىنىدا خوتۇنى ئۇنىڭغا خەۋەر
ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدى: «ئۇ ئادىل كىشى بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن، چۈنكى بۈگۈن
چۈشۈمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن تولا زەخمەت تارتتىم». 20 لېكىن باش كاھىنلار ۋە ئاقساقاللار:
«باراباباسنى تىلەڭلار ۋە ئەيسانى ھالاك قىلدۇرۇڭلار» دەپ خەلققە ئۆگەتتى. 21 ۋالىي جاۋابەن
ئۇلارغا يەنە ئېيتتى: «بۇ ئىككىلىسىدىن قايسىنى سىلەرگە ئازاد بېرىشىمنى خالايسىلەر؟»
ئۇلار ئېيتىشتى: «باراباباسنى». 22 پىلاتۇس ئۇلارغا ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، مەسىھ دەپ
ئاتالغان ئەيسانى نېمە قىلاي؟» ھەممىسى ئېيتتى: «ئۇ كرېستكە تارتىلسۇن». 23 ئۇ ئېيتتى:
«ئۇ نېمە يامانلىق قىلغان؟» لېكىن ئۇلار توۋلاپ: «كرېستكە تارتىلسۇن» دەپ قىچقىرىشتى.
24 پىلاتۇس ئۆزى ھېچ نەرسە قىلالماي، غەلۋىنىڭ زىيادىلەشكىنىنى كۆرگەندە، سۇ ئېلىپ
خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆز قوللىرىنى يۇيۇپ ئېيتتى: «بۇ ئادىلنىڭ قېنىغا جاۋابكار ئەمەسمەن. ئۆز
ئىشىڭلارنى بىلىڭلار». 25 خەلقنىڭ ھەممىسى جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئۇنىڭ قېنى بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە ۋە بالىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە كەلگەي». 26 ئاندىن ئۇ ئۇلارغا باراباباسنى ئازاد
قىلدى ۋە ئەيسانى قامچىلىتىپ، ئۇنى كرېستكە تارتىلماق ئۈچۈن تاپشۇردى.

## پىلاتۇسنىڭ سىپاھلىرى ئەيسا مەسىھنى مەسخىرە قىلىدۇ

27 ئۇ ۋاقىت ۋالىينىڭ سىپاھلىرى ئەيسانى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ، پۈتۈن سىپاھلار توپىنى
ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغدى. 28 ئۇلار ئۇنى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭغا بىر قىزىل لىباس كىيدۈردى.
29 ئۇلار تىكەندىن بىر تاج ئۆرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، بىر قومۇشنى ئوڭ قولىغا بېرىپ،
ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «ياشىسۇن، ئەي يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى!» دەپ
ئېيتىشتى. 30 ئۇلار ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ، قومۇشنى ئېلىپ بېشىغا ئۇرۇشتى. 31 ئۇنى مەسخىرە
قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار لىباسنى سالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆز كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى كرېستكە
تارتقىلى ئېلىپ باردى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىشى

32 ئۇلار چىققاندا كىرىنەلىك سىمون ئىسىملىق بىر ئادەمنى تېپىپ، ئۇنى كرېستىنى
كۆتۈرگىلى زورلىدى. 33 ئۇلار گولگوتا دېگەن يەرگە، يەنى «باش سۆڭەك جايى» دەپ ئاتالغان

يەرگە كەلگەندە، 34 ئۇنىڭغا ئىچىش ئۈچۈن ئۆت بىلەن ئىلەشتۈرۈلگەن شاراب بەردى. ئۇ
تېتىغاندا ئىچكىلى ئۇنىمىدى. 35 ئۇلار ئۇنى كرېستكە تارتىپ، لىباسىنىڭ ئۈستىگە چەك
تاشلاپ تەقسىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن: ‹ كىيىمىمنى ئارىلىرىغا
تەقسىم قىلىپ، لىباسىمنىڭ ئۈستىگە چەك تاشلىدى› دەپ ئېيتىلغىنى بەجا كەلتۈرۈلدى.
36 ئۇلار ئۇ يەردە ئۇنى ساقلاپ ئولتۇردى. 37 ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە ئۇلار: «يەھۇدىيلارنىڭ
پادىشاھى ئەيسا شۇدۇر» دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەرزنى پۈتۈپ قويدى. 38 ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئىككى بۇلاڭچىنى، بىرىنى ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا، يەنە بىرىنى سول يېنىدا، كرېستكە
تارتتى. 39 ئۆتۈپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا دەشنەم بېرىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ، 40 ئېيتىشتى:
«ئەي بەيتنى يىقىتىپ ئۇنى ئۈچ كۈندە ياسىغۇچى، ئەگەر ئىبن ئاللا بولساڭ، ئۆزۈڭنى
قۇتقۇزۇپ كرېستتىن چۈشكىن». 41 شۇنداق ھەم باش كاھىنلار بىلەن كاتىپلار ۋە ئاقساقاللار
ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىشتى: 42 «باشقىلارنى قۇتقۇزدى، ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئۇ
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى كرېستتىن چۈشسۇن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز.
43 ئۇ خۇداغا تاياندى. خۇدا ئۇنى قەدىرلىسە، ئەمدى ئۇنى قۇتقۇزسۇن. چۈنكى ئۇ ئۆزى: ‹
ئىبن ئاللادۇرمەن› دېگەنىدى». 44 شۇنداق ھەم ئۇنىڭ بىلەن كرېستكە تارتىلغان بۇلاڭچىلار
ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى

45 ئەمما ئالتىنچى سائەتتىن توققۇزىنچى سائەتكىچە پۈتۈن يەر ئۈستىدە قاراڭغۇلۇق بولدى.
46 توققۇزىنچى سائەتكە يېقىن ئەيسا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقىرىپ ئېيتتى: «ئېلى، ئېلى،
لەما شەۋاقتانى» يەنى «ئەي خۇدايىم، ئەي خۇدايىم، نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلىدىڭ؟» 47 ئاندا
تۇرغانلارنىڭ بەزىسى بۇنى ئاڭلاپ: «شۇ ئۆزى ئېلىياسنى قىچقىرىدۇ» دەپ ئېيتىشتى.
48 دەرھال ئۇلارنىڭ بىرى يۈگۈرۈپ، بىر بۇلۇتنى ئېلىپ سىركىگە چىلاپ، بىر قومۇشنىڭ
بېشىغا قويۇپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى. 49 ئەمما باشقىلار: «قويغىن كۆرەيلى، ئېلىياس ئۇنى
قۇتقۇزغىلى كېلەرمۇ؟» دەپ ئېيتىشتى. 50 ئەيسا يەنە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقىرىدى-دە،
روھىنى تاپشۇردى.
51 ۋە مانا، بەيتنىڭ پەردىسى تۆپىسىدىن تېگىگىچە يىرتىلىپ، ئىككى پارە بولدى. يەر تەۋرەندى
ۋە قورام تاشلار يېرىلدى. 52 قەبرىلەر ئېچىلدى ۋە راھەت قىلغان تولا ئۆلۈمدە ئۇخلاپ كەتكەن
مۇقەددەسلەرنىڭ بەدەنلىرى تىرىلىپ قوپۇرۇلۇپ، 53 گۆرلەردىن چىقىپ، ئەيسا تىرىلىپ
قوپقاندىن كېيىن مۇقەددەس شەھەرگە كىرىپ، تولا كىشىگە كۆرۈندى. 54 لېكىن ئەسكەر
يۈزبېشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەيسانى ساقلاپ تۇرغۇچىلار زىلزىلىنى ۋە ۋەقە بولغاننى كۆرگەندە
تولا قورقۇپ: «ھەقىقەتەن شۇ ئۆزى بىر تەڭرىنىڭ ئوغلى ئىدى» دەپ ئېيتتى. 55 ئاندا ئەيساغا
گالىلىيەدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان تولا خوتۇنلار يىراقتىن قاراپ تۇرۇۋەردى.

56 ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماگدالالىق مەريەم ۋە ياقۇپ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئانىسى مەريەم ۋە
زەبەدىينىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئانىسى بار ئىدى.

## ئەيسا مەسىھ قەبرىگە قويۇلدۇ

57 ئاخشام بولغاندا ئاراماتىيالىق يۈسۈپ دەپ ئاتالغان بىر دۆلەتمەن كىشى كەلدى. ئۇ ھەم
ئەيسانىڭ شاگىرتى ئىدى. 58 ئۇ ئۆزى پىلاتۇسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەيسانىڭ بەدىنىنى تىلىدى.
ئۇ ۋاقىت پىلاتۇس: «بېرىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. 59 يۈسۈپ بەدەننى ئېلىپ، پاكىز كاناپ رەخت
بىلەن كېپەنلەپ، 60 ئۇنى قورام تاشتىن ئويدۇرغان ئۆز يېڭى قەبرىسىگە قويۇپ، بىر چوڭ
تاشنى قەبرىنىڭ ئاغزىغا يۇمىلىتىپ قويۇپ كەتتى. 61 ماگدالالىق مەريەم ۋە يەنە بىر مەريەم
ئاندا قەبرىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئولتۇرۇشتى.

## كەبرىنىڭ ساقلىنىشى

62 تەييارلىق كۈنىنىڭ ئەتىسى باش كاھىنلار ۋە پەرىسىيلەر پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ
63 ئېيتتى: «ئەي خوجا، ئۇ ئازدۇرغۇچىنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىدە ‹ مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن
تىرىلىپ قوپۇرۇلىمەن› دەپ ئېيتقىنىنى يادىمىزغا كەلتۈردۇق. 64 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ كۈنگىچە
قەبرىنى ساقلىغىلى بۇيرۇغىن. بولمىسا شاگىرتلىرى كېچىدە كېلىپ، ئۇنى ئوغرىلاپ كېتىپ،
خەلققە: ‹ ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرۇلدى› دېيىشى مۇمكىن. ئۇ ئاخىرقى ئازدۇرماقلىق
ئاۋۋالقىسىدىن يامانراق بولىدۇ». 65 پىلاتۇس ئۇلارغا ئېيتتى: «مانا پاسىبانىڭلار! بېرىپ،
قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ساقلاڭلار». 66 ئۇلار بېرىپ تاشنى مۆھۈرلەپ، قەبرىنى پاسىبانلار
بىلەن ساقلىدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى

28 1 شابات ئۆتكىنىدە ھەپتىنىڭ ئاۋۋالقى كۈنى تاڭ ئاتقىنىدا ماگدالالىق مەريەم ۋە
يەنە بىر مەريەم قەبرىنى كۆرگىلى كەلدى. 2 ۋە مانا، بىر چوڭ زىلزىلە بولدى، چۈنكى
خۇداۋەندىنىڭ بىر پەرىشتىسى ئاسماندىن نازىل بولۇپ كېلىپ، تاشنى بىر تەرەپكە يۇمىلىتىپ
ئۈستىدە ئولتۇردى. 3 ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى چېقىندەك ۋە لىباسى قاردەك ئاق ئىدى. 4 پاسىبانلار
ئۇنىڭدىن قورقۇپ تىترەپ، ئۆلۈكتەك بولدى. 5 ئەمما پەرىشتە خوتۇنلارغا سۆز قىلىپ ئېيتتى:
«سىلەر قورقماڭلار، بىلىمەنكى، كرېستكە تارتىلغان ئەيسانى ئىزدەيسىلەر. 6 ئۇ ئۆزى مۇندا
ئەمەس، ئۆزى ئېيتقىنىدەك تىرىلىپ قوپۇرۇلدى. كېلىپ، ئۇ ياتقان يەرنى كۆرۈڭلار. 7 ئىلدام
بېرىپ، شاگىرتلىرىغا ئۇنىڭ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرۇلغىنىنى ئېيتىڭلار. مانا ئۇ سىلەردىن

ئىلگىرى گالىلىيەگە بارىدۇ. ئاندا ئۇنى كۆرىسىلەر. مانا مەن سىلەرگە خەۋەر بەردىم». 8 ئۇلار
قەبرىدىن ئىلدام چىقىپ، قورقۇنچ ۋە چوڭ خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا خەۋەر بەرگىلى
يۈگۈردى. 9 ۋە مانا، ئەيسا ئۇلارغا ئۇچراپ ئېيتتى: «سالام سىلەرگە!» ئۇلار كېلىپ، ئۇنىڭ
پۇتلىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. 10 ئۇ ۋاقىت ئەيسا ئۇلارغا ئېيتتى: «قورقماڭلار،
بېرىپ بۇرادەرلىرىمگە بۇنى ئېيتىڭلار. ئۇلار گالىلىيەگە بارسۇن ۋە ئاندا مېنى كۆرىدۇ».

## پاسبانلارنىڭ خەۋىرى

11 ئۇلار بارغاندا مانا پاسبانلارنىڭ بەزىسى شەھەرگە كىرىپ، ۋەقە بولغاننىڭ ھەممىسىنى باش
كاھىنلارغا خەۋەر بەردى. 12 ئۇلار ئاقساقاللار بىلەن يىغىلىپ مەسلىھەت قىلىشىپ، پاسبانلارغا
تولا كۈمۈش پۇل بېرىپ، 13 ئېيتتى: «‹ كېچىدە بىز ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كېلىپ،
ئۇنى ئوغرىلاپ كەتتى› دەپ ئېيتىڭلار. 14 ئەگەر بۇ ئىش ۋالىيغا ئاڭلىنىپ قالسا، بىز ئۇنى
رازى قىلىپ، سىلەرنى ئاۋارىچىلىكتىن ساقلايمىز». 15 ئۇلار پۇلنى ئېلىپ، ئۆگىتىلگىنىدەك
قىلدى. شۇ گەپ بۇ كۈنگىچە يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا پۇر كەتتى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىغا كۆرۈنۈشى

16 ئون بىر شاگىرت گالىلىيەگە ئەيسا ئۇلارغا ئەمر قىلغان تاغقا باردى. 17 ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ
ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى، لېكىن بەزىلىرى شەك كەلتۈردى. 18 ئەيسا چىقىپ كېلىپ، ئۇلارغا
سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئاسماندا ۋە يەردە ھەممە قۇدرەت ماڭا بېرىلدى. 19 ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ،
ھەممە تائىپىلەرنى شاگىرت قىلىپ، ئۇلارنى ئاتا ۋە ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ئىسمىغا
چۆمۈلدۈرۈڭلار. 20 سىلەرگە ئەمر قىلغىنىمنىڭ ھەممىسىنى تۇتقىلى ئۇلارغا ئۆگىتىڭلار. ۋە
مانا، مەن دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە ھەر كۈن سىلەر بىلەن بولىمەن.